2008·2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

源泉（布拉克）⊙ BULAK

商务领航
BizNavigator
远见成就价值

# تېلېفوننى سۆزلىشىشكىلا ئىشلىتىش كېرەكمۇ؟

سودا يېتەكچىسى مۇلازىمىتىنى بېجىرسىڭىز، شىركىتىڭىز تېخىمۇ كەڭ سودا پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ!





### سودا پۇرسىتى كۆپ

خاسىيەتلىك يانفون كەسپىنى بېجىرگەن مۇقىم تېلېفون بىلەن كىچىك زىرەك بىرلا ۋاقىتتا سايرايدۇ، مەيلى سىز نەدە بولۇڭ، تېلېفون ئېلىنماي قالىدىغان ئىش بولمايدۇ.

### كارخانا ئوبراز تەشۋىقاتى

كارخانا رەڭدار قوڭغۇرىقى بىلەن تەمىنلەيمىز، نومۇرچى بىلەرمەن ئارقىلىق ئىسىم بويىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ، ھەقسىز تەشۋىقات ئارقىلىق كارخانىڭىزنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرەلەيسىز.

### سۆزلىشىش ھەققى ئالاھىدە ئەرزان

ئايلىق ئىجارىسى يوق، سۆزلىشىش ھەققى ئېتىبار قىلىنىدۇ، خاسىيەتلىك يانفون كەسپىنى بېجىرگەن تېلېفونلار ئارا ھەقسىز سۆزلەشكىلى بولىدۇ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ سۆزلىشىش ئالاقىسى ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ.

**جۇڭگو تېلېگرافى سودا يېتەكچىسى — ئۇچۇر ئالاقە نۇسخىسى Ta يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى**

جۇڭگو تېلېگرافى سودا يېتەكچىسى — ئۇچۇر ئالاقە نۇسخىسى Ta يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتىگە قاتناشسىڭىز، تاللاش ئىمكانىيىتىڭىز كۆپ بولىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشەلەيسىز، تېلېفوننىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىدارىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرالايسىز:

中国电信
CHINA TELECOM
世界触手可及

用户至上 用心服务 Customer First Service Foremost

中国电信乌鲁木齐分公司

免费 客户服务热线

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
# قوش ئايلىق ژۇرنىلى

29 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 119 ـ سان

# غەزەللەر

دىلرەبالىغ سەھرىبانلىغ خۇشتۇرە يىغلارمۇدۇر،
دىلنەۋازلىغ قەدردانلىغ بەدگۇمان يىغلارمۇدۇر.

سەرۋىدەك قەد گۇل كەبى يۈز غۇنچىدەك لەبمۇ ئەمەس،
لۇتفۇ ئېھساندۇر گەداغە خۇنفىشان يىغلارمۇدۇر.

تىرگۈزۈرگە نوش بەرگەي لەبلىدىن ئابى ھايات،
كىرپىكىدىن نىش ئۇرۇپ قاشى كەمان يىغلارمۇدۇر.

كەبكىدەك رەفتار ئىلە ھەر سارى ئېلىپ جىلۋەلەر،
بەندى زۇلفىن باز ئېتىپ ئەنبەرفىشان يىغلارمۇدۇر.

ئەھدىغە ئېلىپ ۋەفانى دەردۇ ھالىن سورمايىن،
بىۋەفالىغ بىلە مېھرى دىلىستان يىغلارمۇدۇر.

غەمزەسى گەردان قىلىپ قان يىغلىتىپ ئىشق ئەھلىنى،
لەھزەئى دەردىن ئۆلۈشمەي شادمان يىغلارمۇدۇر.

ئۆرتەبان ئىشق ئەھلىنى پەرۋانەدەك باشىدىن ئاياغ،
يارۇتۇپ ئەل شامىنى شەمئى جەھان يىغلارمۇدۇر.

دىلكۇشا قاشى بىلە تا قىلمايىن بىر دىلنى شاد،
قان تۆكۈپ غەم تىغىدىن ساھىبقىران يىغلارمۇدۇر.

بولمادىڭ گۇمنامنىڭ كۆڭلىگە ئەي گۇل لەھزەئى،
كىم ئەزەلدىن ئىشقىڭ ئېچرە ناتىۋان يىغلارمۇدۇر.

ئول پەرى ھۆسن ئەھلىنىڭ گۈلبۈنى نەۋبەھارىدۇر،
خەندەئى دىلكۇشا لەبى ئىشق ئەھلىنىڭ ئانارىدۇر.

بىر قاراغاندا قۇل قىلۇر بەلكى مۇھەببەت ئەھلىنى،
ھۆسن ئېلىدۇر سىپاھ ئاڭا ئول پەرى شەھسەۋارىدۇر.

جىسمى ئېرۇر قۇرۇغ ئۆتۈن باشىدىن ئاياغى ئوت ئانىڭ،
ئاي يۈزىگە نەزارە قىل ئىشق ئوتىنىڭ شەرارىدۇر.

زۇلفى خەيالىدىن بۇزۇلۇپ كۆڭلۈمە ئەستەمەم ھۇزۇرۇر،
ئۆشبۇ قەرارسىز كۆڭۈل تاكى ئانىڭ قەرارىدۇر.

زۇلفىدىن ئولدى كۈن كېچە ھۆسنىدىن ئولدى تۈن يارۇق،
زۇلفۇ يۈزى مەگەر ئانىڭ لەيلى بىلە نەھارىدۇر.

زۇلفى ئېرۇر شىكەن-شىكەن كىم يۈزىدۇر چەمەن-چەمەن،
كىرپىكىدۇر تىكەن-تىكەن ئەلمەدە چەشمە جارىدۇر.

ئاي بىلە كۈندىن ئەستەمەس رەۋشەن ئېتەرگە كۆزلەرىن،
كىم ئىتى باسقان ئىزلارى ھۆسن ئېلى سۈرمە نىزادۇر.

غەمزەسى ئوقلارى ئاتىپ قىلدى يۈرەكنى پارەلەر،
سەير قىلۇرغا غەملەرى باغ ئارا لالەزارىدۇر.

گۇمنام ئىتىنى سورغالى كەلسە ئاياغىن ئاغرىتىپ،
ھەر قەدەمىگە مىڭ جەھان بولسە ئەگەر نىسارىدۇر.

«گۇمنام غەزەللىرى» دىن

خەتتات: ئابلىمىت نۇسمان

# بۇلاق

2008 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى


# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب ........................ ئەلىشىر نەۋائىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بوگو

ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن ........................ (38)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم


## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


باھارىستان ........................ ئەبدۇرراھمان جامىي (46)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق


## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئوقۇملارغا تارىخىي ـ ئىجتىمائىي نۇقتىدىن نەزەر ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن (63)

تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

چاغاتاي تىلى ھەققىدە يېڭى بايانلار ................ ئابدۇرېھىم راخمان (75)
ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى .............. تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش (83)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئىبرەتلىك چۆچەكلەر ............... توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتجان ئىسمايىل پۇناقىي (94)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ............... توپلىغۇچى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت (99)

دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە

مىللەتنىڭ تەرەققىياتى رىغبەت ۋە يول كۆرسىتىشكە ئېھتىياجلىق موھتاج ............ ئەنۋەر ھوشۇر (104)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى — شائىر ئىسمائىل ھاجى ( پەرھات ئىبراھىم سىزغان )

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ**

*تۆرتۇنچى فەسل*

***زالىم ۋە جاھىل، فاسىق پادىشاھ زىكرىدە***

*[ 25. ت ] ئادىل پادىشاھ كۆزگۇدۇر ۋە بۇ ئانىڭ ئۇچاسىدۇر. ئول يارۇق سۇبھ ۋە بۇ ئانىڭ قاراڭغۇ كېچەسىدۇر. زۇلم ئانىڭ كۆڭلىگە مەرغۇب ۋە فىسق ئانىڭ خاتىرىغە مەھبۇب. مۇلك بۇزۇغلۇغىدىن زەمىرىغە جەمئىيەت ۋە ئۇلۇس پەرىشانلىقىدىن خاتىرىغە ئەمنىيەت. ئاباد ئۇلار زۇلمىدىن ۋەيرانە، كەبۇتەر تاقچەلەرى چۇغزلارغە ئاشيانە. بادە سىپلى بەزمىدە تۇغيان قىلىپ، ئول سەل مۇلك مەئمۇرلارىن ۋەيران قىلىپ. سۇۋچى خانەسىغە فەرش - مەسجىد رەۋاقى تۆكۈلگەندىن ۋە كۆپلەرى باشىغە خىشت مىھراب تاقى يۇمرۇلگەندىن. ئەكسەر قان تۆكمەك*

تۆتىنچى پەسىل

**زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلار زىكرىدە**

[ 25. ي ] ئادىل پادىشاھ يالتىراپ تۇرغان ئەينەك؛ زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھ بولسا، ئۇ (ئەينەك) نىڭ ئارقا تەرىپىدۇر. ئۇنىڭ بىر تەرىپى سۇبھىدەك يورۇق بولسا، يەنە بىر تەرىپى گوياكى كېچىدەك قاپقاراڭغۇدۇر زۇلۇم قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەرغۇپ (يېقىملىق بىلىنىدۇ)، ئەخلاقسىزلىق — بۇزۇقچىلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە مەھبۇب (دوست بىلىنىدۇ). مەملىكەتنىڭ تىنچسىزلىقى ئۇنىڭ دىلىغا ئارام بېغىشلايدۇ، جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ ۋەيرانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ. ئاۋات

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

جايلار ئۇنىڭ زۇلمىدىن ۋەيران، كەپتەر ئۇۋۇلىرى ھۇۋقۇشلارغا ماكان.

زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلارنىڭ بەزمىسىدىكى مەي - شارابتىن ھاسىل بولغان سەل مەملىكەت ئاۋاتلىقىنى ۋەيران قىلىدۇ. چۈنكى، ساقىيلارنىڭ ئۆيگە ياتقۇزۇلغان خىش مەسچىت راۋىقىدىن قومۇرۇۋېلىنغان؛ مەي ئىدىشلىرىنىڭ ئاغزىنى ياپقان خىش مېھرابنىڭ ئەگمىسىدىن سۆكۈۋېلىنغان. كۆپ قان تۆكۈش

*[26. ت] ئۇلارغە پېشە، كىمكى جانى بار ئاڭا ئەندىشە. ئەگەر شورىغە مەشئۇف، كويۇ كوچەدە مۇسۇلمانلارغە مەخۇف. ئەگەر فاسىق بولسە بەدئەفئال، ئەھلى ئەيالىغە ئاندىن بىيمۇ نەكال. ئەگەر سىتەمزوروي بولسە خۇدراي، مۇشفىق نەۋئى جانىغە ۋاي!*

*ئۆز ناشايىشتى ئۆز ئالىدا خوب ۋە ئەل مەقبۇلى ئاڭا مەردۇد ۋە مەئيۇب. كۆپ خىزمەت ئاز سەھۋ بىلەن ئالىدا نابۇد[1]، كۆپ ھەق، ئاز خەتا بىلەن نامەۋجۇد. خەتا رايى ئۇلۇغ كەلمەسە، دەخلىسىزلەرغە شىركەت، بەلكى خەبەرى يوقلارغە تۆھمەت. ھەيات سۈيىن ئاغۇ دېسە، مۇسەللەم تۇتماغان گۇنەھكار؛ قۇياش يۈزىن قارا دېسە، تەھسىن قىلماغان تىيرە روزگار.*

[26. ي] ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتى، شۇڭا جېنى بارلىكى ئادەم ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەي ئىچىشنى باشلىسىلا، كوچا - كويلاردا يۈرگەن مۇسۇلمانلارغا قورقۇنچ - خەۋپ يېتىدۇ. ئەگەر خۇلقى بۇزۇق ۋە يامان تەبىئەتلىك بولسا، خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا ئۇنىڭدىن خەۋپ - خەتەر (يېتەر)، ئەگەر ئەدەپسىز ۋە ئۆز بېشىمچى بولسا، شەپقەتلىك نەۋائىينىڭ جېنىغا ۋاي!

بۇنداق زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلارنىڭ بولمىغۇر ئىش - قىلىقلىرى ئۆزلىرىگە ياقىدۇ، ئەمما ئەل - خەلققە ياققان ئىش ئۇلار ئۈچۈن يېقىمسىز ۋە ئەيىب سانىلىدۇ. بىراۋنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئازغىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى يوققا چىقىرىلىدۇ؛ ھەق ۋە راست گەپ ئازغىنە خاتالىق تۈپەيلى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي يالغان. ئۆزلىرىنىڭ خاتا پىكرى ئۇلۇغ كەلمىسە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاقىسى يوق ئادەملەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ؛ ھەتتا خەۋىرى يوق ئادەملەرگىمۇ تۆھمەت قىلىنىدۇ. ھاياتلىق سۈيىنى ئۇغا دېسە، تەن ئالمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ، قۇياش يۈزىنى قارا دېسە، ئاپىرىن ئېيتمىغانلار قارا يۈز قىلىنىدۇ.

*[27. ت] ئۆز جانىبىدىن[2] قەترەنىڭ دەرياچە ھۆرمەتى ۋە زەررەنىڭ بەيزاچە قىيمەتى. ئەل تەرەفىدىن مالى ئالەم، ئانىڭ نەزەرىدە بىر قارا پۇلدىن كەم ۋە فىدا قىلغان جانى ئەزىز، ئانچە يوقكىم، بىر پەشىز. قارا قۇزغۇننى ئاق تويغۇن دېسە، قازنى ياخشى ئالور دېمەگەن مۇقەسسىر ۋە يارۇق تۈننى تىيرەن تۈن دېسە، سۇھا كۆرۈنەردۇر دېمەگەن مۇدبىر.*

*چىن دەر ئەلگە جان خەتەرى، خەيرغە دەلالەت قىلغۇچىغا ئۆلۈم زەرەرى. ھەق ئانىڭ قاشىدا باتىل، خىرەدمەند ئانىڭ ئەقىدەسىدە جاھىل.*

*ئەلدىن كۆڭلى كىينەسى، مەخفىي خەزىنەسىنىڭ دەفىينەسى. قەتل ئۈچۈن جان بەرمەك شىئارى، ئەل مالى جانىغە قەسد — شىكارى. بۇ يامان پادشاھكى،*

[27. ي] ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قەترىنىڭ ھۆرمىتى دەرياچە ۋە زەررىنىڭ قىممىتى قۇياشچە. ئەلنىڭ ئالەمچە مال - بىساتى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر قارا پۇلدىن قەدىرسىز، پىدا قىلغان ئەزىز جانلىرىنىڭ پارچە تىيىنچىلىك قىممىتى يوق. ئۇلار قارا قۇزغۇننى ئاق تويغۇن (شۇڭقار) دېسە،

---

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «نامۇد» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، تۈزىتىپ ئېلىندى.
② بۇ سۆز قولىيازمىدا «جانىدىن» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، تۈزىتىپ ئېلىندى.

«غازنى ياخشى ئالىدۇ» دېمىگەن ئادەم ئەيىبدار؛ يورۇق كۈننى① قاراڭغۇ كېچە دېسە، «سۆھا② يۇلتۇزى كۆرۈنۈۋاتىدۇ» دېمىگەن كىشى گۇناھكار.

چىن - راست سۆزلىگۈچىلەر جان خەتىرىدە، ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچىلار ئۆلۈم خەۋپىدە. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان، دانالار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نادان.

(نادان، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھنىڭ) خەلققە نىسبەتەن كۆڭلىدىكى ئاداۋىتى مەخپىي خەزىنىسىدىكى يوشۇرۇن بايلىقى. قەتل ئۇچۇن جان بېرىش ئۇنىڭ شوئارى، ئەلنىڭ مال - جېنىغا قەست قىلىش ئۇنىڭ ئوۋ شىكارى. بۇنداق يامان (ناچار) پادشاھنىڭ

*[ 28. ت ] بولغاي ۋەزىرى ھەم يامان. ئاندىغكى، فىرئەۋن نەيابەتىدە ھامان. نەزم:*

*ئۇيلەكىم شەھبازغە بولغاي مەدەدكا جەئفەرى،*
*ياۋۇماي ئول خەلقغە تائۇن ھەم ئولغاي بىر سەرى.*

*تەڭرى مۇنداغ بەلالارنى ئەدەم چاھىدىن ۋۇجۇد تەختىگە كەلتۈرمەسۇن. يوقلۇق زىندانىدىن بارلىق شەھرىستانىغە يەتكۈزمەسۇن.*

*بەشىنچى فەسل*

*ۋۇزەرا زىكرىدە*

*ۋەزىر ۋىزردىن مۇشتەقدۇر، بۇ فىئل ئانىڭ زاتىغە ھەقدۇر. بۇ ئىشنى پىسەندىدە قىلغان ئاسەف ئېرمىشكىم، نىگىنى نەقشىدە «قەددەرەھۇمەللاھۇ مەن ئەنسەفە» ئېرمىش. ھەمانا، ئاسەفكى باردى، ئىنسافنى ئالىپ باردى ۋە ئىنساف گەۋھەرىن بۇ نائىنسافلار ئاراسىدىن چىقاردى. كىشى ئۆزىن*

[ 28. ي ] ۋەزىرىمۇ بولسا، بۇ خۇددى فىرئەۋنىنىڭ ئورۇنباسارى بولغان ئوخشاشتۇر. نەزم:

بۇ خۇددى لاچىنغا زەھەرلىك قارا يىلاننىڭ ياردەمچى بولغىنىدەك ياكى خەلققە بىر ياقتىن ۋابا، يەنە بىر ياقتىن تاۋۇن كېسەللىكى يۈزلەنگەندەك ئەھۋال.

تەڭرى بۇنداق بالالارنى يوقلۇق قۇدۇقىدىن مەۋجۇتلۇق تەختىگە يېقىن كەلتۈرمىسۇن، يوقلۇق زىندانىدىن بارلىق شەھرىستانىغا يەتكۈزمىسۇن.

بەشىنچى پەسىل

ۋەزىرلەر زىكرىدە

ۋەزىر سۆزى «ۋىزر» (گۇناھ) سۆزىدىن كەلگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ (ۋەزىرنىڭ) تەبىئىتىگە تولىمۇ ماس ۋە لايىقتۇر. بۇ ئىشنى، يەنى ۋەزىرلىكنى ياخشى قىلغان كىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ

① قولىيازمىدا «تۈن»، مەنە ئېتىبارى بىلەن «كۈن» دەپ پەشمە قىلىندى.
② سۆھا — ئەڭ خىرە كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار توپى.

ۋەزىرى ئاسەف بولۇپ، ئۇ ئۇزۇكىگە: «ئىنساپلىق كىشىگە ئاللا رەھمەت قىلىدۇ» دېگەن ئىبارىنى نەقىشلەپ قويغانىكەن. ئاسەف دۇنيادىن كېتەر چاغدا ئىنساپنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى ۋە ئىنساپ گۆھىرىنى نائىنساپلار ئارىسىدا قالدۇرمىدى. كىشى ئۆزىنى

*[ 29. ت ] ئەگەرچە يەلدەك ھەريان سالغاي، ئاسەفنى بۇ خاكداندا قايدىن تاپالغاي. دەھر ئېلىدە بىرەۋكى ئاسەف نىھاددۇر، ئۇل بىلگەيكىم، سۇلەيمان تەختى بەرباددۇر.*

*بۇ زالىملار مۈلكىنى بەرباد بەرگۈچىلەردۇر ۋە مۈلك ئەھلى يىغىشتۇرغانلارنى بەرگۈچىلەردۇر. ئەۋلا ئۇلكى، بۇلار زىكرىدە خامە سۇرمەگەي ۋە بۇ خامەدەك قارا يۈزلۈكلەر ئاتىن قەلەم تىلىغە كەلتۈرمەگەي. زەھر بېرىپ بىمارنى ئۆلتۈرگۈچى تەبىبلىق بۇلارغە بولسۇن نەسىب، زور بىلە ئۆلتۈرگۈچى تەبىب ياخشى بۇلار كۆرە تەرك تەبىب.*

*بۇ ئىككى خەيلدىن ھەربىرى مارى ئەفئى ۋە شاھغە ۋاجىبدۇر بۇلارنىڭ دەفئى. بۇلار جۇملەسى چايانلار ۋە خەلايىقغە يەتكۇرۇر زىيانلار ۋە كىلكىلەرى نۇكى ئەقرەب نىشى،*

[ 29. ي ] شامالدەك ھەر تەرەپكە ئۇرغان بىلەن، ئاسەفنى، يەنى ئاسەفتەك ۋەزىرنى بۇ دۇنيادا نەدىنمۇ تاپالىسۇن ! ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن بىرەر زات ئاسەف سۈپەت دېيىلىدىغان بولسا، بىلگەيكى، بۇ سۇلايمان تەختىنىڭ بەربات بولغىنى.

بۇ زالىملار، يەنى زالىم ۋەزىرلەر مەملىكەتنى بەربات قىلغۇچى، خەلقنىڭ يىغقان - تەرگەنلىرىنى يوقاتقۇچىلاردۇر. ئەڭ ياخشىسى، ھېچكىم بۇلار توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمىگەي ۋە بۇ قەلەمدەك قارا يۈزلۈكلەرنىڭ نامىنى قەلەم تىلىغا كەلتۈرمىگەي. بۇلار، يەنى زالىم ۋەزىرلەر دورا ئورنىغا زەھەر بېرىپ، بىمارنى ئۆلتۈرگۈچى تېۋىپلار بىلەن ئوخشاشتۇر. كىشىنى زورىغا ئۆلتۈرىدىغان تېۋىپقا كۆرۈنۈشتىن كۆرە، تېۋىپنى رەت قىلىش ياخشىراقتۇر. بۇ ئىككى تائىپىنىڭ ھەربىرى ئوخشاشلا يىلاندۇر. شۇڭا، بۇنداقلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىش شاھ ئۈچۈن ۋاجىپتۇر.

بۇلار (زالىم ۋەزىرلەر) نىڭ ھەممىسى چايان، خالايىققا يەتكۈزىدۇ كۆپ زىيان، قەلىمىنىڭ ئۇچى — چايان نەشتىرى،

*[ 30. ت ] رەئىيەت جانىغە ئۇل نىش تەشۋىشى. نەچە نىش مەزلۇملار جانىغە سانجىلغاي، ئۇمىد ئۇلكىم، باشلارى ئەجەل تاشى بىرلە يانجىلغاي. نەزم:*

*بۇلاردىن گەر ئەئلا گەر ئەدنادۇرۇر،*
*كى ئاندىن خەلايىقغە ئازاردۇر.*
*شەھ ئۆلتۈرمەك ئەۋلادۇر ئۇل ئەلنى پات،*
*نەبىي دەپدۇرۇر: ئۇقتۇلۇ - مۇئزىيات.*

## *ئالتىنچى فەسل*
## *ناقابىل سىفلەر زىكرىدە*

*بىدىيانەت سەدر رەئىيەتغە بەلادۇر، بۇ ناكەس ئەگەر ئامىيدۇر فىسقۇ فۇجۇر ئانىڭ كامىدۇر ۋە مەجلىسىدە نەغمە نەۋازلىق، ئىلىم ۋە تەقۋا ئەزاسىغە نەۋھەسازلىق. ئۇلەما كەتۈرگەن گۇلاب شىشەلەرى*

*خالى قالىپ، بادە سالۇرغە كامى مۇلازىملارى ئالىپ. بۇلار كەتۇرگەن نەبات*

[30. ي ] خالايىقنىڭ جېنىغا زەھەر تەشۈشى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ زالىملارنىڭ نەشتىرى مەزلۇملار جېنىغا قانچىلىك سانجىلغان بولسا، ئۇمىدىم شۇكى، زالىملارنىڭ باشلىرىمۇ ئەجەل تېشى بىلەن شۇنچىلىك يانجىلغاي. نەزم:

بەزىلىرى گەرچە كاتتا ۋە بەزىلىرى تۆۋەن ئورۇندا بولسىمۇ،بۇلاردىن خالايىققا يېتىدىغىنى بەرىبىر ئازاردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: « زىيانداشلارنى ئۆلتۈرۈڭلار›› دېگەن. شۇڭا، بۇنداقلارنى تېزرەك ئۆلتۈرۈش شاھ ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلادۇر.

## ئالتىنچى پەسىل

## ناقابىل مەنسەپدارلار زىكرىدە

دىيانەتسىز ئەمەلدار پۇقرالار ئۈچۈن بالادۇر. ئەگەر ئۇ ناكەس، بىلىمسىز بولسا، تۇرغان - پۈتكىنى پىسىق - پاسات، بۇزۇقچىلىقتۇر. ئۇنىڭ بەزمىسىدىكى نەغمە - ناۋالىرى ئىلىم ۋە تەقۋادارلىققا تۇتۇلغان ھازىنىڭ ماتەم پەريادىدۇر. ئالىملار گۇلاب قاچىلاپ ئېلىپ كەلگەن شېشىلەر بوشىغاندا، مۇلازىملىرى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارغا مەي قاچىلايدۇ. ئالىملار ئېلىپ كەلگەن ناۋاتنى

*[ 31. ت ] گەزەك ئۈچۈن ئۇشالىپ، ۋەزىپە ۋەجھلەرى ئۆزگە ئەسباب ئۈچۈن سايغالىپ. بەدكىردار ئاندا غەلەبە، نابكار ئاندا تەلەبە. نەۋكەرلەرىغە ئاش خانەقاھ رابىتەسىدىن، ۋەجھلەرىغە مەئاش شەيخ - مۇدەررىس ۋەزىفەسىدىن. بەزمىغە مەي كەلتۇرگەلى مۇھتەسىب رازى ۋە مەيغە بادەپالار رىشى قازى. كىشۆەرغە ئاندا مەناھىي مۇنداق بىھىساب بولغاي، ئىسلام - شەرىئەتغە نە ئىززەت ۋە نى ھىساب ئولغاي.*

*سەدر كىبرەك ئۆلەماغە دوست يار بولسە ۋە مەشايىخقە كارگۇزار ۋە خىزمەتكار بولسە. ساداتغە مۇمىد ۋە فۇقەرا خىزمەتىدە مۇجىد ۋە ئەۋقاف بۇزۇغىن تۈزگۈچى ۋە زىرائەت كەسرەتىدە سەئيى كۆرگۈزگۈچى. نەزم:*

[ 31. ي ] سۇندۇرۇشۇپ، ئەمەلدارلار ئۆز ئىچىملىكلىرىگە گېزەك (زاكۇسكا) قىلىشىدۇ. گۇلاب شېشىسى ۋە ناۋاتنىڭ ۋەزىپىسى باشقا نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ غەلۋىسى بەتقىلىقلىق، ئارزۇلايدىغىنى بۇزۇقچىلىق. نۆكەرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى خانىقاھ تائامىغا، خەج - خىراجىتى شەيخ - مۇدەررىسلەرنىڭ مائاشىغا شېرىك. مۇھتەسىپمۇ ئۇلارنىڭ بەزمىسىگە مەي كەلتۈرۈپ بېرىشكە رازى ۋە قازىمۇ ئۇلارغا مەي سۇزۇلدۇرۇپ بېرىشكە رازى. مەملىكەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش مەنئى قىلىنغان ئىشلار كۆپىيىۋەرسە، ئىسلام ۋە شەرىئەتنىڭ نەئىززەت - ھۆرمىتى بولسۇن؟

ئەسلىدە ئەمەلدار ئالىملارغا دوست - يار، ماشايىخلارغا خىزمەتكار ۋە ياردەمچى، پۇقرالار خىزمىتىگە ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان بولۇشى لازىم. ئەمەلدار زۇلۇم رىشتىسىنى ئۈزۈپ، ۋەخپە يەرلەرنىڭ بۇزۇلغانلىرىنى تۈزىگۈچى ۋە زىرائەت - دېھقانچىلىقنى راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا تىرىشچانلىق

كۆرسىتىدىغان بولۇشى كېرەك. نەزم: [32. ت]

يوق ئۆلكىم، فاسىقۇ خەممارۇ زىككە،
كى بۇزغاي گەرچە بولغاي خاجە دىككە.
رىكابى نەقشى كىمسانلىق① سەراسەر،
تونىدا ئاندىن ئارتۇق زىبۇ زىۋەر.

قىتئە:

كېرەككى باشىغە قويسە ئەلاقەلىق دەستار،
يانارىدا ھەم ئانىڭ ئەگنى دۇرۇر مەۋالىدەك.
يوق ئۆلكى، مەركەبى بوينىغە باغلاپ ئاسسە قۇتاس،
ئاسىلغاي ئۆزىنىڭ ئۆز بوغزىدىن سەقالىدەك.

يەتتىنچى فەسل

فاسىق ۋە بەدمەئاش، بەھادۇرلۇق لاپىنى ئۇرغانلار زىكرىدە

شاھ ئىشىكىدە يارماق زايىئى قىلغۇچى جەمائەت، ئۇلاردىن تەخرىگە نە تائەت ۋە نە شەھغە ئىتائەت، تەرىقلەرى خۇد نەمالىق، رەسملەرى خۇد ئاراليق، ئىشلارى مەستلىق، ۋەرزىشلەرى خۇد پەرەستلىق، چىن

[32. ي] پاسىق، ھاراقكەش ۋە قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەمەلدار ھەتتا سائادەتمەن كىشىلەرنىمۇ بۇزىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىمۇ ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن، تونىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ.

قىتئە:

دىيانەتسىز ئەمەلدار بېشىغا پەتلىلىك سەللە ئورىۋالسىمۇ، يەنە ئۇچىسىغا ئالىملارنىڭكىدەك رىدا (يېپىنچا) ئارتىۋالسىمۇ؛ ھەتتا ئېتىنىڭ بوينىغا كاتتا تۇمار باغلىۋالسىمۇ، ھامان ساقىلىدەك ئۆزىنىمۇ ئۆز بوغۇزىدىن ئېسىلىدۇ.

يەتتىنچى پەسىل

پاسىق ۋە بەتقىلىق، ھەدېسلا پالۋانلىقتىن لاپ ئۇرىدىغانلار زىكرىدە

شاھ ئىشىكىدە (ئوردىسىدا) پۇل – مال زايە قىلغۇچى بۇنداق ئادەملەر يا تەڭرىگە ئىبادەت قىلمايدۇ، يا شاھقا ئىتائەت قىلمايدۇ. تۇتقان يولى شۆھرەتپەرەسلىك، ئادەتلەنگىنى مەغرۇرلۇق،

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «كەر بانلىق» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان.

يۇرۇش - تۇرۇشى مەست - گەلەست، ئۆگەنگىنى شەخسىيەتچىلىك. «چىن (راست)»

*[ 33. ت ] دېمەكلەرى لاف. مەئنىلىق سۆزلەرى گەزاف. جورئەكەشلىك دىنلارى ۋە كافىرۋەشلىك ئايىنلارى. كۆڭۈللەرى توفچاق سەكرەتوردىن ئارام تاپماق، سۆزلەرى باش يالاڭ يۈزگە چاپماق. بەزمدە دەئۋالارى ھاتەملىق ۋە رەزمدە تالاشلارى رۇستەملىق. ئوتاغاتلارىدىن نەسرى تايىرغە رەم ۋە نەيزەلەرىدىن سىماكى رامىھ نورى دەرھەم. تەۋرلەرىدىن ئاشوفتەراق ئولارغە دەستار ۋە دەستار ئەلاقەسىدىن ئۆچالارىدا ئازار.*

*مۇلك دۈشمەنى دەفئىغە شوھرەتلەرى ۋە شاھغە مۈلك ئاسرار مىننەتلەرى. بۇ دەئۋا باشىغە يەتكۈنچە نەچچەسىنى مەي ئۆلتۈرۈپ، نەچچەسىن داغى فىسق دەۋزەخغە يەتكۈرۈپ.*

[ 33. ي ] دېگەن سۆزلىرى لاپ، «مەنىلىك» دېگەن سۆزلىرى بىمەنە. دىنلىرى شارابخورلۇق، رەسىم - قائىدىلىرى دىنسىزلىق، ئىستەكلىرى ئات چاپتۇرۇپ زوق ئېلىش، سۆزلەشتىن مەقسىتى باشقىلارغا قارا چاپلاش. ئۇلار بەزمىدە ئۆزلىرىنى ھاتەمدەك، جەڭگى - جېدەلدە بولسا، ئۆزلىرىنى رۇستەمدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. باشلىرىدىكى ئوتوغاتلىرىنىڭ دەبدەبىسىدىن «نەسرى تايىر» (بۈركۈت) ئۈركۈيدۇ؛ نەيزىلىرىنىڭ يالتىراقلىقىدىن «سىماكى رامىھ»[1] يۇلتۇزىنىڭ نۇرى باغلىنىدۇ. قىلىچلىرى تۇپەيلى ئورىۋالغان سەللىلىرى چۇۋۇلغان، سەللە ھالاقىسىنىڭ ئۈزۈنلۈقىدىن ئۈچلىرى ئارام تاپمىغان.

مەملىكەت دۈشمەنلىرىنى يوقىتىمىز، يۇرتنى قوغدايمىز دەپ سالغان داۋراڭلىرى ئەمەلىيەتتە شاھقا قىلغان مىننەتلىرى. بۇ داۋالىرىنى ئورۇنداشنى باشلىغۇچە نەچچىسىنى مەي ئۆلتۈرىدۇ، يەنە نەچچىسى باشقا بۇزۇقچىلىق تۈپەيلى دوزاخقا راۋان بولىدۇ.

*[ 34. ت ] يۈزدىن بىرى مەئرەكەغە يېتىپ، توزتاغ چاپىشلارى بىلە ئۆزىن زايىئ ئېتىپ. مۇبارىز ئەفكەنلىكلەرى ئۆز خىسالىغە، سەف شىكەنلىكلەرى ئۆز يەسالىغە. بۇ نەۋئ بەھادىر مەئرەكەدە بولماسۇن ۋە ھېچ سەف تۈزەردە ئانىڭ قانى تۆكۈلمەسۇن[2].*

*شاھ سىپاھىغە دەرۋىشلەر دۇئاسىدۇر، فۇقەرا ھىممەتى تەڭرى رىزاسىدۇر. شاھكىم، ئاڭا ھەق ئىنايەتى [ سىپاھ ] بولغاي، لىۋاي زىينەتى «نەسرۇن مىنەللاھ» بولغاي.*

*شاھغە ھەق ئىنايەتى بار، دۈشمەنى ئېرۇر خاكسار. دەۋلەتغە يەتكۈرگۈچى تەڭرى، ھەم بەرگۈچى، ھەم ئالغۇچى تەڭرى. ئول بەرسە، كىشى ئالالماس؛ ئول يەتكۈرسە، كىشى يىراق قىلالماس. شاھكى، ھەق ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەي، بۇ دەۋلەت*

[ 34. ي ] پەقەت يۈزدىن بىرىلا جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارسىمۇ، نىشانسىز قىلىچ چېپىشلىرى بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. بۇنداقلار تېخى جەڭ مەيدانىدا باھادىرلىق لاپلىرىنى ئۇرىدىيۇ، دۈشمەن سېپىنى بۇزۇش ئورنىغا ئۆز سېپىنى قالايمىقان قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى «باھادىر» ھېچ جەڭ مەيدانىغا كىرمىسۇن، ھېچ سەپ تۈزۈشتە ئۇنىڭ قېنى تۆكۈلمىسۇن !

شاھ لەشكىرى دەرۋىشلەر دۇئاسىدۇر، پۇقرالارنىڭ ھىممىتى تەڭرى رىزاسىدۇر. پادىشاھقا ھەقتائالا مەدەتكار بولغاي، پادىشاھقا تەڭرىنىڭ ئىنايىتى قوشۇن بولغاي، تۇغى «نەسرۇن مىنەللاھ...» ئايىتى بىلەن زىننەت تاپقاي !

تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەن پادىشاھنىڭ دۈشمىنى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، ئۇنى

[1] ئەسەد بۇرجىدىكى بىر يۇلتۇزنىڭ نامى.
[2] قوليازمىدا «تولماسۇن» دەپ يېزىلىپ قالغان.

دۆلەتكە يەتكۈزگۈچى تەڭرى، بەرگۈچىمۇ، ئالغۇچىمۇ تەڭرىدۇر. ئۇ (تەڭرى) بەرسە ھېچ كىشى ئالالماس؛ ئۇ يەتكۈزسە، ھېچ كىشى يىراقلاشتۇرالماس. پادىشاھ ھەق ئەمرىنى بەجا كەلتۈرسە، دۆلىتى [35. ت] كۆپ دۈشمەنلەرگە خەۋپ رەجا يەتكۈزگەي. نەزم:

*شەھكى، سىدقى ئانىڭ تەڭرى بىرلە تۈز بولغاي،*
*نە غەم ئەدۇۋسى ئانىڭ بىر يوق ئىرسە يۈز بولغاي.*
*كىشىگە تەڭرى بىرۇر فەتھ يوقكى، خەيلى سىپاھ،*
*بەس، ئىئتىماد مۇڭا ئەيلەمەك نە سۆز بولغاي.*

**شېئىر:**

*چەرىك بولسەيۇ بولماسا بەخت يار،*
*سىپەھغە ئەدۇۋ خەيلىنىڭ ھۆكمى بار.*

سەككىزىنچى فەسل

**ياساۋۇل گۇرۇھى زىكرىدە**

*· ياساۋۇلكى، بىر مەزلۇم ئىشىگە بارغاي، ئول مەزلۇمنى زالىمدىن قۇتقارغاي. ئەگەر مۇزد تىلەمەكى مەقدۇردىن ئارتۇغراقدۇر، ئول زالىمغە ئۇلۇغراق ئورتاقدۇر. ئەگەر سەئيىغە ياراشا ئالۇر خەيالى بولغاي، ئاتا مىراسى ئانا سۈتىدەك ھەلالى بولغاي. ئەگەر تەمەئى ھەققۇس ـ سەئيىدىن كەمدۇر، مۇرۇۋۋەت، ئەرەنلىك ئاڭا مۇسەللەمدۇر.*
[35. ي] كۆپ دۈشمەنلىرىگە خەۋپ ـ خەتەر يەتكۈزىدۇ. نەزم:

پادىشاھنىڭ تەڭرىگە چىن، ئېتىقادى بولسا، ئۇنىڭ دۈشمىنى بىر ئەمەس، يۈز بولغان تەقدىردىمۇ، نېمە غەم؟ كىشىگە غالىبىيەتنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا لەشكەر ۋە سىپاھلىرىغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟

**شېئىر:**

لەشكىرى بولۇپ، بەخت يار بولمىسا، ئۇنىڭ لەشكىرى ئۆزىگە دۈشمەن دېمەكتۇر.

سەككىزىنچى پەسىل

ياساۋۇللار گۇرۇھى زىكرىدە

ياساۋۇل بولغۇچى بىرەر زۇلۇم چەككۈچىنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغان بولسا، لېكىن شۇ ئىشى ئۈچۈن زۇلۇم چەككۈچىدىن ئارتۇقچە ھەق تەلەپ قىلسا، بۇنداق ياساۋۇل زالىمغا بەكرەك يېقىندۇر. ئەگەر خىزمىتىگە يارىشا ھەق ئېلىش خىيالىدا بولسا، ئۇ ئاتا مىراسى ۋە ئانا سۈتىدەك

ھالالدۇر. ناۋادا تەمەسى خىزمىتىدىن كەم بولسا، بۇ ئۇنىڭ مەردلىكى ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

*[ 36. ت ] ئەگەر سەئيى قىلغاي ۋە ئالماغاي مۇزد ئاڭا ھەقدۇر، ئانى دىپە بولغاي ۋەلىي مۇتلەقدۇر. كۆپ ئەرەنلەر بۇ ئىشنى شىئار ئېتىپدۇرلار ۋە بۇ سۇلۇك بىرلە مەقاسىدغە يېتىپدۇرلار. نەزم:*

*ئەۋلىيائۇللاھ ھەر سۇرەتدە بار،*
*بەئزى ئەتمىش بۇ رەۋىشنى ئىختىيار.*
*چۇن ئېرۇرلار قۇببەلەر ئىچرە نىھان،*
*ھەقدىن ئۆزگە كىمسەگە ئېرمەس ئەيان.*

تۇققۇزىنچى فەسل

*ياساغلىق، قارا چېرىك زىكرىدە*

*ياساغلىق دېگەن قارا چېرىك، يەئجۇج ۋە مەئجۇج خەيلىغە شىبىرىك. ئەمگەكدىن ئۇلارغە ئارام يوق، ياساغ كۆرسەتوردىن بىر نەفەس كام يوق. ئىشلارى تىلەي ئالغانىنى تالاماق، يات مۇلككە چۇكەرتۇەدەك سەبزە ۋە يافراغ يالاماق.*

[ 36. ي ] ئەگەر خىزمەت قىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقنى ئالمىسا، بۇنداق ياساۋۇلنى ئەۋلىيا دېمەك لازىمدۇر. نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر بۇ كەبى مۇرۇۋۋەتلىكنى ئۆزلىرىگە شۇئار قىلىپ، شۇ يول بىلەن بارلىق مەقسەتلىرىگە يەتكەندۇر. نەزم:

تەڭرىنىڭ ئەۋلىيالىرى تۈرلۈك سۈرەتتە بولىدۇ، بەزىلىرى شۇنداق يولنى ئىختىيار قىلغانىكى، ئۇلار گۇمبەزلەر ئىچىدە يوشۇرۇنغان، ئۇلارنى تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

توققۇزىنچى پەسىل

ياساغلىق (لەشكەر) قارا چېرىك زىكرىدە

ياساغلىق (لەشكەر) قارا چېرىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قارا چېرىك يەجۇج ۋە مەجۇج گۇرۇھىغا شېرىك. ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا ئارام يوق، جازا يۈرۈشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئويلاشقۇدەك پۇرسەت يوق. ئىشلىرى ئۇدۇل كەلگەننى تالاش، يات يۇرتلارغا چېكەتكىدەك بېسىپ كىرىپ، گىياھ ۋە ياپراقلىرىغىچە غاجاش.

*[ 37. ت ] ئىنسانلىغ بىلە ئۇلار ئاراسىدا مۇبايىنەت ۋە مۇسۇلمانلىغ بىلە ئۇلار ئاراسىدا مۇنازىئەت. فەھمۇ ئىدراكدىن ئۇلار زاتى ئارى، ئەقلۇ ئىنسافسىز بىز - زات بارى. قايانكە يۈزلەندى، ئۇلارغە يانماق يوق، كېچە - كۈندۈز تەغافۇل ئۇيقۇسىدىن ئويغانماق يوق. ئىسىغ - ساۋۇقنى تەنلەرى تەفاۋۇت قىلماي، ئاچلىق ۋە يالاڭاچلىق زەرەرىنى جىسملەرى بىلمەي. ئادەمىيسىزدە مەخلۇقاتدىن مۇمتاز، ھەيۋانلىقلارى كۆپ، بەردۇملۇقلاررى ئاز. نەزم:*

*ئول قەۋمدىن ئەئجۇبە خەلايىق بولماس،*
*كىم، مەئدەلەرى ھەرام يەردىن تويماس.*

*ئۆلگۈنچە بەلا چېكىپ ئېرۇرلار مەۋجۇد،*
*چىن بولدى بۇ دەئۆنكى، ياساغلىق بولماس.*

[ 37. ي ] ئىنسانىيلىق بىلەن ئۇلار ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بىلەن ئۇلار ئارىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت. ئۇلار زاتىدىنلا پەم ـ پاراسەتسىز، ئەسلىدىنلا ئەقلى ئىنساپسىز. ئۇلار قاياققا يۈزلەنسە، قايتمايدۇ؛ كېچە ـ كۈندۈز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ. تەنلىرى ئىسسىق ـ سوغۇقنى سەزمەيدۇ، ۋۇجۇدى ئاچلىق ۋە يالىڭاچلىقنى بىلمەيدۇ. رەزىللىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ھايۋانغا خاس قىلىقلىرى كۆپ، ئادىمىيلىكى ئاز. نەزم:

ئۇ قوۋمدەك ئاجايىپ خەلق يوق، ھارام يېيىشتىن قورساقلىرى تويمايدۇ. تا ئۆلگۈچە بالا ئىچىدە ياشايدۇ. «لەشكەر تۈزەلمەس» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ.

*[ 38. ت ] تۇرفە بۇكىم، چۇن ھەقنىڭ ئەلگە ئىنايەتى پىنھانى بار، بۇلار ئارا ياشۇنۇر ئەرەنلەر ئىمكانى بار. ئوردا بازارى ئۇچۇن ئۆزىن ياساغلىق ئەلگە قاتقۇچى، ئوڭاي ئالىپ ئاغىر ساتقۇچى. چېرىك ئۇلۇشىدىن ئۇلار شەتەلخار، ئانداغكى، مۇلك ئەھلىدىن ئەلەمدار. نەزم:*

*سىپاھى مالىن ئول خەيلى تەباھى،*
*تۈنۈ كۈن مۇفت ئالىپ خاھى ناخاھى.*

مۇمكىن يوق زاد ئۇلارغە سەزا بەرگەيكى تەڭرى ئۇلارغا جەزا بەرگەي.

## *ئونونچى فەسل*

### *شاھ ئۇلۇسى ئۆزىگە مۇشابىھ بولۇر زىكرىدە*

*شاھغە ھەم مۇلازىم تابىئ بولغاي، ئىشى ۋە تەۋرى شاھ ئىشىغە مۇشابىھ ۋاقىئ بولغاي. ئەگەر شاھ ئەدالەت شىئار، ئۇلۇسى شىئارىدا ھەم ئەدالەتدىن ئاسار: ئەگەر شاھ*
[ 38. ي ] قىزىقى شۇكى، ئاللانىڭ كىشىلەرگە پىنھان مەرھەمىتى بولغىنىدەك، بۇلار ئارىسىدا يوشۇرۇنغان ياخشى ئادەملەرمۇ بار. ئوردا ـ قوشۇن بازىرىنى قىزىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى لەشكەرلەرگە قوشقۇچىلار ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدۇ. ئەمەلدارلار مەملىكەت ئاھالىسىدىن پارا ئالغىنىدەك، ئۇلارمۇ قوشۇن ئۇلۇشىدىن چوتا ئايرىپ تۇرىدۇ. نەزم:

بۇنداق ناباب گۇرۇھ قوشۇننىڭ مال ـ مۈلكىنى كېچە ـ كۈندۈز خالىغىنىچە ئېلىۋېرىدۇ ـ ئىسراپ قىلىدۇ.

ئۇلارغا جازا بېرىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى تەڭرى ئۆزى جازالىغاي!

## ئونىنچى پەسىل

### پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرالىرىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى زىكرىدە

كىمكى شاھقا مۇلازىم ۋە قارام بولسا، ئىشى ۋە مۇناسىۋىتى شاھنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر شاھ ئادالەتپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ تەسىرىدە پۇقرالىرىمۇ ئادالەتنى ياقلايدىغان بولىدۇ. ئەگەر شاھ

[ 39. ت ] زۇلم پىشە. گەلگە زۇلمىدىن گەندىشە. گەگەر گول گىسلامئايىن، خەلق ئىشئارى ھەم گىسلام گىلەدىن. گەگەر گول كۇفر خىسالى، گەلگە داغى كۇفر تەرىقى.

ھۆكەما شاھنى دەپدۇرلار: دەريايى زەخخار ۋە قەۋمۇ خەيلىن دەريا تەگرەسىدەكى گەنھار. دەريا سۇيىغە نې كەيفىيەت ۋە نە خاسىيەت، گەنھارغە ھەم گول خاسىيەتۇ كەيفىيەت. گول گاچچىغ. بۇ گاچچىغ؛ گول چۇچۇك، بۇ چۇچۇك؛ گول تىيرە، بۇ تىيرە؛ گول سۇزۇك، بۇ سۇزۇك. نەزم:

گارىقلاركى، گول بەھردىن گايرىلۇر،
بىلىكلىگ ئۇلارنىڭ سۇيىن بىر بىلۇر.
چۇ بىردۇر سۇ دەريا بىلەن نەھر گارا،
گەمەس تەئمىدە ھاجەتى ماجەرا.

[ 39. ي ] زۇلۇمغا ئادەتلەنگەن بولسا، پۇقرالىرىمۇ زۇلۇم ئەندىشىسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئەگەر شاھ ئېتىقادلىق بولسا، خەلقنىڭ دىلىدىمۇ ئېتىقاد ۋە دىيانەت قارار تاپىدۇ. ئەگەر شاھتا كۇپۇرلۇق خۇسۇسىيىتى بولسا، خەلقمۇ كۇپۇرلۇق يولىغا كىرىدۇ.

ھۆكۈمالار شاھنى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا، ئاھالىسى ۋە يېقىنلىرىنى دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭگە ئوخشىتىدۇ. دەريا سۈيىدە قانداق كەيپىيات ۋە خاسىيەت بولسا، ئۆستەڭدىمۇ شۇ خاسىيەت ۋە كەيپىيات بولىدۇ، ئۇ ئاچچىق بولسا، بۇمۇ ئاچچىق؛ ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق؛ ئۇ لاي بولسا، بۇمۇ لاي؛ ئۇ سۈزۈك بولسا، بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ. نەزم:

ئېرىق ـ ئۆستەڭ دەريادىن ئايرىلىپ چىققاچقا، بۇنى بىلگۈچىلەر ئۇلارنىڭ سۈيىنى بىر (ئوخشاش) دەپ بىلىدۇ؛ دەريا بىلەن ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىر بولغاچقا، ئۇنىڭ تەمى توغرىسىدا مۇنازىرىگە ھاجەت يوق.

ئون بىرىنچى فەسل

## شەيخۇل ـ ئىسلام زىكرىدە

[ 40. ت ] مۇسۇلمانلارغە پېشۋاسىدىن ئىبارەتدۇر، ئىسلام مۇقتەداسىغە ئىشارەتدۇر. مۇنداغ كىشى ئالىم كېرەك ئىسلامپەناھ ۋە ئارىف كېرەك مۇقەررەبى دەرگاھ. خىرەدمەندى شەرىئەت شىئار، فەقرىغە خۇرسەند تەرىقەتئاسار ۋە ياخشى ـ يامانغا شەفقەتى فەيزى ئام. ئۇلۇغ ـ كىچىككە ئىرشادى نەفئى مالاكەلام. كامىلى بولغاي شەرئ قانۇنىغە راسىخ، بارچە مۇبتەدىئلەر بىدئەتىغە ناسىخ. ئاڭاكى، بۇ نەۋئ بولغاي ئايىنى ئىسلام، ئانى دىسە بولۇر شەيخۇل ـ ئىسلام. نەزم:

مۇندىن گۇلدى مۇقەررەبى بارى،
شەيخۇل ـ ئىسلام پىرى گەنسارى.

ئون بىرىنچى پەسىل

شەيخۇلئىسلام زىكرىدە

[ 40. ي ] شەيخۇلئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ پېشۋاسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماق ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن ئىشارەتتۇر. بۇنداق كىشى ئىسلامپاناھ، يەنى ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان ئالىم ۋە ئۇنىڭ تەرغىباتچىسى؛ ئاللاغا يېقىن ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىدىن چەتلىمەيدىغان دانا؛ پېقىرلىقنى قانائەت قىلىدىغان، پاكلىق يولىنى تۇتىدىغان، ياخشى ـ يامانغا بىردەك شەپقەتلىك، چوڭ ـ كىچىككە سۆزسىز توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، شەرىئەت قانۇنلىرىدا مۇستەھكەم ۋە كامىل، ھەرقانداق بىدئەتچىنىڭ بىدئەتلىرىنى يوقىتا چىقىرالايدىغان بولۇشى لازىمدۇر. ئەنە شۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئادەمنى «شەيخۇلئىسلام» دېسە بولىدۇ. نەزم:

شەيخۇلئىسلام پىر ئەنسارىي شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئاللاغا يېقىن بولدى.

*ئون ئىككىنچى فەسىل*

*قۇززات زىكرىدە*

*[ 41. ت ] قازى ئىسلام بىناسىغە ئەركاندۇر ۋە مۇسۇلمانلار شەرىئەتىغە ۋە خەير ـ شەررىغە نافىزى فەرماندۇر.*

*دىنى ئۇلۇمىدىن كۆڭلى مەئمۇر كېرەك ۋە يەقىنىي فەراسەتىدىن خاتىرى جەمئىيەتى بىغۇتۇر كېرەك. مەيلى شەخسىي زەمىرى كىشۇەرىدىن مۇتەۋارىي، ئەھلى بىدئەت مۇلايىمەتىدىن سادىق كۆڭلى ئارىي.*

*مەھكەمەسى مەخزەنى ئۇلۇمى شەرئىيە، ھۆكم قىلۇرىدا ئاشنايۇ بىگانە ئاڭا ئەلەس ـ سەۋىيە. ئىلمۇ تەقۋاسىدىن كۆڭۈللەردە شۇكۇھ، دىققەتى فەراسەتىدىن بىديانەتلەر كۆڭلىدە ئەندۇھ. كۆڭلى كەلامۇللاھ ئەھكامىدىن قەۋىي ۋە ھۆكمىدە مۇقتەدا ئەھادىسى مۇستەفەۋىي.*

*شەرئىي ھىيلەلەرى قاراڭغۇلۇق گىرىھىدىن كۆڭلى ئاچۇق، فۇقەھا تەزۋىرلەرى تىيرەلىكىدىن زەمىرى يارۇق.*

ئون ئىككىنچى پەسىل

قازىلار زىكرىدە

[ 41. ي ] قازى ئىسلام بىناسىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

قازى كۆڭلى دىن ئىلىملىرى بىلەن بېزەلگەن، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە نۇقسانسىز بولۇشى، قەلبىدە شەخسىي مەنپەئەتكە ئورۇن بەرمەسلىكى، سادىق كۆڭلى بىدئەت ئەھلىگە مۇلايىم بولۇشتىن خالىي بولۇشى لازىم.

قازىنىڭ مەھكىمىسى شەرىئەت ئىلمىنىڭ خەزىنىسى. شۇڭا، ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋاقىتتا دوستلۇقمۇ، ياتلىقمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇ ئىلىم ـ بىلىمى ۋە تەقۋادارلىقىدىن كىشىلەر كۆڭلىدە ئابرۇي قازىنىشى، ئىشلاردىكى ئىنچىكىلىكى ۋە پاراسىتى بىلەن دىيانەتسىزلەرنىڭ كۆڭلىگە غەم ـ ئەندىشە سالالىشى لازىم. كۆڭلى دائىم ھەق كالاملىرى بىلەن كۈچەيگەن بولۇشى ۋە ھۆكۈملىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلاندىغان بولۇشى لازىم.

قازى شەرئىي ھىيلىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇق توگۈنلىرىدىن كۆڭلىنى ئۈچۈق، پەتىۋاچىلارنىڭ ئالدامچىلىق تۈتەكلىرىدىن قەلبىنى يورۇق تۇتسۇن.

*[42. ت] رىشۋەخور مۇفتىلار قاشىدا مەنكۇب ۋە ھىيلىگەرلەر ئالدىدا مەئيۇب.*

*ئامىي قازىكى مەي ئىچكەي ئۆلتۈرگۈلۈك، دەۋزەخ ئوتىغە كۆيمەسىدىن بۇرۇن كۆيدۈرگۈلۈك.*

*قازىي رىشۋەخار، ئىسلام ھىسارىغە رەخنەكار. ئۇلكى رىشۋە بېرىپ قەزا سورا ئالغاي، رىشۋە ئالىپ ھەم شەرئىينى بۇزا ئالغاي؛ قەلەمى نوگى بىلەن شەرئنى بۇزا ئالغاي.*

*قازى كېرەككىم، جادەئى شەرئىيدىن قەدەم چىقارماغاي ۋە سىراتى مۇستەقىمدىن تاشقارى بارماغاي. مۇستەقىم خەتكى، ھەرقايان مەيل قىلدى، ئەگرى بولدى؛ ساز تارىدەك ئىئتىدالىدىن تەجاۋۇز قىلدى، توزۇكى بۇزۇلدى، ئولكى، ھۆكمى ئەل مالى ۋە جانىغە جارىي بولغاي، [كېرەككىم، دەئبى مۇقىمىر شىئارى بولغاي]، ئاياغىداكى*

[42. ي] شۇندىلا پارىخور پەتىۋاچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا خارۇزار، ھىيلىگەرلەر ئەيىبدار بولىدۇ.

ئەگەر ئىلىمسىز قازى هاراقكەش بولسا، ئۆلتۈرگۈلۈك؛ دوزاخ ئوتىغا يەتمەستىن بۇرۇن كۆيدۈرگۈلۈك.

ئەگەر قازى پارىخور بولسا، ئىسلام سېپىلىنىڭ ئۇلىنى كولايدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆزى پارا بېرىپ، قازىلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان بولسا، ئۇمۇ پارا ئېلىپ شەرىئەت قانۇنلىرىنى بۇزىدۇ، ھەتتا قەلىمىمۇ شەرىئەت قانۇنلىرىنى خالىغىنىچە بۇرمىلايدۇ.

قازى شەرىئەت يولىدىن بىرقەدەممۇ تايماسلىقى، توغرا يولدىن چىقماسلىقى لازىم. توغرا خەتمۇ قائىدىسىز، خالىغان تەرتىپتە يېزىلسا، ئەگرى بولۇپ قالىدۇ؛ سازنىڭ تارىمۇ ئۆز تەڭشىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، تۈزۈكى بۇزۇلىدۇ. قازى ئەلنىڭ مېلى ۋە جېنى ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا، ئۇچۇق ـ يورۇق بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئايىغى

*[43. ت] سىراتى مۇستەقىمدىن تايىلدى ۋە يەل چاھى تۆبەن مەقام قىلدى. ئىشنى ئۆزى قىلۇرمەن دېگەن بىباك ۋە كازىب بىباكغە پەيغەمبەر شەرئى ھاكىملىغى نەمۇناسىب. نەزم:*

*مۇخبىرى سادىق شەھىكىم قىلدى دىنۇ شەرئىنى،*
*بارى گەديان ناسخى ئانداغكى، مۇمكىن ئېردى تۇز.*
*كازىب ئول يولنى نېچۈك تۈزگەيكى، بىر كەززاب ھەم،*
*قىلدى كۆپ دەئۋا، ۋەلى قويدى جەھەننەم سارى يۈز.*

## *ئون ئۈچۈنچى فەسل*

## *مۇفتىيى فەقىھلەر زىكرىدە*

*مۇفتىيى فەقىھى كېرەك مۇتەدەييىن ۋە ئالىمى كېرەك. مۇئمىن، ئىسلام ئىلمىدە ماھىر، دىيانەت*

*نۇرى جەبىنىدە زاھىر! مەيلىدىن كۆڭلى بىقۇسۇر ۋە ھىيلەدىن كۆڭلى زەمىرى بىغۇتۇر. قەلەمى رىۋايەتدە سادىق، رەقەمى مۇجتەھىد سۆزىگە مۇۋافىق.*

[ 43. ي ] توغرىلىق كۆۋرۈكىدىن تېيىلىپ كەتسە، جەھەننەم تېگىدىن ئورۇن ئالىدۇ. قازىلىق ئىشىنى خالىغانچە قىلىمەن دېيىش ھاياسىزلىق ۋە يالغانچىلىقتۇر. بۇنداق يالغانچى ۋە ھاياسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن ! نەزم:

دىن ۋە شەرىئەتنى ئەڭ راستچىل خەۋەرچىلەرنىڭ پادىشاھى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈزدى ھەم دىنلارنى بىكار قىلىپ شەرىئەتنى توغرىلىدى؛ بۇ يولنى كاززاپلار قانداقمۇ تۈزەلەيدۇ، بىر كاززاپ كۆپ دەۋا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى جەھەننەم تەرەپكە يۈزلەندى.

## ئون ئۈچىنچى پەسىل

## مۇپتىلار زىكرىدە

فىقھى ئالىمى بولغان مۇپتى دىندار، ئالىم بولۇشى، ئىمان ـ ئىسلام ئىلىملىرىدە ماھىر، دىيانەت نۇرى پېشانىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان بولۇشى، كۆڭلى نۇقسانسىز، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي، قەلىمى بايان قىلىشتا راستچىل، يازغانلىرى مۇجتەھىدلەر سۆزىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.

*[ 44. ت ] يوقكى فاسىق بولغاي، مەيخارۇ جاھىل بولغاي؛ بەدكىردارۇ غەددار. بىر دىرەم ئۈچۈن يۈز ھەقنى ناھەق ئەتكۈچى ۋە ئاز كەرەم ئۈچۈن كۆپ «لا»نى «نەئەم» بىتكۈچى. بىر سەبەت ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۇرمەكدىن غەمى يوق ۋە بىر چارەك بۇغداي ئۈچۈن بىر خىرمەننى ساۋۇرماقدىن ئەلەمى يوق. مۇفتىكى، ھىيلە بىلەن فەتۋا تۈزەر، قەلەم نوكى بىلەن شەرىئەت يۈزىدەكى نۇقتەلەرنى بۇزار. مۇزد ئۈچۈن سىيىم ئالىپ مالىغە قاتار، دىنىنى دۇنياغە ساتار. مۇنداغ مۇفتى ئادەمىيكۈش تەبىبدۇر، بىرىگە ئىسلام قەتلى ۋە بىرىگە مۇسۇلمانلار قەتلى نەسىبدۇر. نەزم:*

*مۇفتىكى، ئىشىگە مۇزد ئالىپ قىلسە رەقەم،*
*مۇزد ئارتۇق ئېسە، مەيل كېرەك قىلغاي ھەم.*

[ 44. ي ] (ئەگەر ئۇ) ئۇنداق بولماي، پاسىق، مەيخور جاھىل، بەتقىلىق بولسا، بىر پۇل ئۈچۈن يۈز ھەقنى ناھەق قىلسا، ئازغىنە مەرھەمەت ئۈچۈن كۆپ قېتىم «ياق» دېيىش ئورنىغا «ھەئە» دەپ يازسا، بىر سېۋەت ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۈرۈشتىن يانمىسا، بىر چارەك بۇغداي ئۈچۈن بىر خامانىنىڭ سورۇلۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلمىسا، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پەتىۋا چىقارسا، شەرىئەت كىتابىدىكى چېكىتلەرنى بۇزسا، ئىش ھەققى ئۈچۈن كۈمۈش ئېلىپ ئۆز مېلىغا قوشسا، دىنىنى دۇنياغا ساتقان بولىدۇ. بۇنداق مۇپتى ئادەم ئۆلتۈرگۈچى تېۋىپتۇر: بىرى ئىسلامنى ئۆلتۈرۈش بىلەن، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مەشغۇلدۇر. نەزم:

مۇپتى ئەگەر بېجىرگەن ئىشى ئۈچۈن ھەق ئېلىپ قەلەم تەۋرەتسە، ناۋادا ئالغان ھەق ئارتۇق بولسا، مايىللىق قىلىدۇ.

*[ ت. 45 ]*

*فەتۋادا چۇ بولدى مۇزد ئۇچۇن «لا» ۋۇ «نەئەم».*
*قىلماق كېرەك ئول قەلەمزەن ئىلكىنى قەلەم.*

*ئون تۆرتۈنچى فەسل*

*مۇدەررىسلەر زىكرىدە*

*مۇدەررىسنىڭ غەرەزى كېرەك مەنسەب بولماسا. بىلمەس ئىلمنى ئايتورغە مۇرتەكىب بولماسا. خۇدنەمالىق ئۇچۇن دەرس ھەۋەسلەسىن تۇزمەسە ۋە خۇدستانلىغ ئۇچۇن غەۋغا ۋە تەكەللۇم تۇزمەسە. جەھلدىن دەستارى ئۇلۇغ ۋە ئەلاقەسى ئۇزۇن بولماسا، مۇباھات ئۇچۇن مەدرەسە ئەيۋانى باشى ئاگا ئورۇن بولماسا.*
*دىنى ئۇلۇمى بىرلە ۋە يەقىنى مەسايىلنى ئەلگە تەئلىم قىلسە؛ بىباكلىكلەردىن ھەراسان ۋە ناپاكلىقلاردىن گۇرىزان بولسە، يوقكى ئۇزىن*

[ ي. 45 ] پەتىۋا چىقىرىشتا ھەق ئېلىش ئۈچۈن، «ياق» ياكى «ھەئە» دېگەن ھۆكۈمنى قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ قولىنى قەلەم قىلىپ كەسمەك كېرەك.

ئون تۆتىنچى پەسىل

مۇدەررىسلەر زىكرىدە

مۇدەررىس بولغان كىشى مەنسەپ ـ ئەمەلگە قىزىقماسلىقى، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىلىمدىن گەپ ئېچىشقا ئۇرۇنماسلىقى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرس بېرىشكە ھەۋەس قىلماسلىقى، مەمەدانلىق قىلىپ دەرس ئورنىغا شاۋقۇن ـ سۈرەن سالماسلىقى، جاھىللار كەبى سەللىسى يوغان ۋە ھالاقىسى ئۇزۇن بولماسلىقى، ماختىنىش ئۈچۈن مەدرىسە ئايۋىنىنىڭ تۆرىنى ئىگىلىۋالماسلىقى لازىم.
ئۇ دىن ئىلمىگە ئائىت ئېنىق مەسىلىلەرنى ئوبدان بىلىشى ۋە ئەلگە بىلگەنلىرىدىن تەلىم بېرىشى، يارىماس، ناچار ئىشلاردىن ھەزەر قىلىشى ۋە ناپاك قىلمىقلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزىنى

*[ ت. 46 ] ئالىم بىلگەي، نېچە مەجھۇلنى مەئلۇم قىلالماغاي. ئەنۋائى فىسقنى مۇباھ، بەلكى ھەلال بىلگەي؛ قىلماس ئىشلارنى قىلماق ئاندىن مەئلۇم بولغاي ۋە قىلۇر ئىشلار تەركى ئاندىن قائىدە ۋە رۇسۇم بولغاي. بۇ مۇدەررىس ئەمەسكى، مۇبتەدىئدۇر. مۇنداغ كىشى سۇھبەتى ئىسلام ئېلىدىن مۇمتەنىئدۇر.*
*ئالىم كېرەك مۇتتەقى بولسە ۋە ئاگاھ ۋە ئايتۇرى قالەللاھ، قالە رەسۇلەللاھ. نەزم:*

*ھەرنېكى ئايتۇر ئولسە خۇداۋۇ رەسۇلدىن،*
*ئاندىن سوڭ ئولسە مۇجتەھىدۇ ئەۋلىيا سۆزىن.*

*ئاندىن كىشى نې ئىشتۇرۇ نە ئۈرگەنۇر،*
*بولغاي خۇدا سۆزى، يوق ئېسە مۇستەفا سۆزىن.*

[ 46. ي ] ئالىم چاغلايدىغان، تۇرلۇك پاسقىلىقلارغا بېرىلىپ بۇنى ھالال ھېسابلايدىغان؛ قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىش، قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان كىشىلەر مۇدەررىس ئەمەس، بەلكى بىدئەتچى (ناچار ئادەتلەرنى تارقاتقۇچى) دۇر. بۇنداق كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغاندۇر. مۇدەررىس ئالىم، تەقۋادار ۋە ھوشيار بولۇشى؛ ھەرقاچان ئاللانىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل ـ ئۆرنەك قىلمىقى لازىمدۇر. نەزم:

نېملا سۆزلىسە خۇدا ۋە رەسۇل (پەيغەمبەر) دىن سۆزلىسە، ئاندىن ئىجتىھاتلىق ئالىملار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتسا، بۇنداق ئالىمدىن كىشى نېمنى ئاڭلىسا ۋە نېمىنى ئۆگەنسە، (ئاڭلىغىنى ۋە ئۆگەنگىنى) خۇدانىڭ سۆزى ياكى بولمىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولىدۇ.

## *ئون بەشىنچى فەسل*

## *ئەتىببا زىكرىدە*

*[ 47. ت ] تەبىبغە ئۆز فەننىدە ھەزاقەت كېرەك ۋە بىمارلار ھالىغە شەفقەت ۋە نەفسى تەبىبغە تەبئ مۇلايىم ۋە ھۇكەما قەۋلىغە پەيدەر ـ پەي ۋە مۇلازىم. سۆزىدە رەفىقۇ دىلجويلۇق ۋە ئۆزىدە ئارامۇ خۇش خويلۇق.*
*ھازىق تەبىبكى، بىمارلارغە شەفقەتى بولغاي، دېسە بولۇركى، ئىيسا رۇھۇللاھغە نىسبەتى بولغاي، ئىيسا ئىشى چىققان جاننى تەنگە كىگۇرمەك دۇئا بىلە ۋە مۇنىڭ ئىشى چىقادۇرغان جانغە مانىئ بولماق دەۋا ئىلە.*
*مۇنداغ تەبىبنىڭ يۈزى مەرىز كۆڭلىگە مەھبۇبدۇر ۋە سۆزى بىمار جانىغە مەرغۇب [ دۇر ] . دەمى ئەلىللەرغە دەۋا ۋە قەدەمى خەستەلەرغە شىفا ۋە خىرزى نەجات ئانىڭ تەلئەتى ۋە ئابى ھەيات ئانىڭ شەربەتى.*
*ئەگەر فەننىدە ماھىر بولسە، ئەمما بەدخۇي ۋە بىپەرۋا ۋە دۇرۇشتگوي. مەرىزغە، ئەگەرچە،*

## ئون بەشىنچى پەسل

## تېۋىپلار زىكرىدە

[ 47. ي ] تېۋىپ ئۆز كەسپىگە ماھىر، رەھىم ـ شەپقەتلىك ۋە بىمارلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، تەبىئىتى مۇلايىم، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغان، سۆزلىرى دوستانە ۋە كۆڭۈل ئىزدەيدىغان، ئۆزى خۇش پېئىل ۋە خۇش خۇي بولغاي.
بىلىملىك تېۋىپ بىمارلارغا مېھرىبان بولىدۇ. ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزباسارى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چىققان جاننى دۇئا قىلىش ئارقىلىق تەنگە كىرگۈزگەن.

تېۋىپ بولسا تەندىن چىققىلىۋاتقان جاننى داۋالاش ئارقىلىق توسۇپ قالىدۇ. بۇنداق تېۋىپنىڭ چىرايى كېسەلمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە سۆيۈملۈك، سۆزى بىمارلارنىڭ جېنىغا يېقىملىق، تىنىقى ساقسىزلارغا داۋا، قەدىمى خەستىلەرگە شىپادۇر. ئۇنىڭ چېھرى نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى خىزىر، شەربىتى ئابىھاياتتۇر.

گەرچە تېۋىپ ئۆز كەسپىدە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن بەتخۇي، بىپەرۋا ۋە قوپال سۆزلۈك بولسا، بىمارنى بىر تەرەپتىن داۋالىسىمۇ،

*[48. ت] بىر جانىبىدىن ئىلاج يەتكۈزۈر، ئەمما نەچچە جانىبىدىن تەغيىرى مىزاج يەتكۈزۈر. ۋە لېكىن ئامىي تەبىبكى، ئېرۇر شاگىردى جەللاد؛ ئول تىغ بىلە، بۇ زەھەر بىلە قىلغۇچى بىداد. ئول مۇندىن ياخشىراقدۇر، بىشىشتىباھكىم، ئانىڭ قەتلى گۇنەھكاردۇر، مۇنىڭ بىگۇناھ. ھېچ گۇنەھكار مۇڭا زەلىل بولماسۇن ۋە ھېچ بىگۇناھ ئاڭا ئەلىل [بولماسۇن]. نەزم:*

*ھازىق تەبىبى خۇشگوي تەن رەنجىغە شىفادۇر،*
*ئامىيۇ تەشدىد خوي ئەل جانىغە بەلادۇر.*

*ئون ئالتىنچى فەسل*

*[نەزم] گۈلىستانىنىڭ خۇش نەغمە ـ نەۋا قۇشلارى زىكرىدە*

*ئول نەچچە تەبەقەدۇر: ئەۋۋەلقى جەمائەت نۇقۇدى كۇنۇزى مەئرىفەتى ئىلاھىيدىن غەنى ۋە خەلق تەئرىفىدىن مۇستەغنىدۇرلار.*

[48. ي] ئەمما نەچچە تەرەپتىن ئۇنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ. بىلىمسىز تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر. جاللات تىغ بىلەن ئۆلتۈرسە، بۇ زەھەر بىلەن ئازابلايدۇ. جاللات بۇنداق تېۋىپتىن ياخشىراقتۇر. شۈبھىسىزكى، جاللات گۇناھكارلارنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇ بىگۇناھلارنى ھالاك قىلىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار جاللات قولىدا خار بولمىسۇن ۋە ھېچبىر بىگۇناھ بىمار بۇنداق تېۋىپقا زار بولمىسۇن. نەزم:

شېرىن سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ تەن رەنجىگە شىپادۇر، ساۋاتسىز، بەتخۇي تېۋىپ ئەل جېنىغا بالادۇر.

ئون ئالتىنچى پەسىل

[نەزم] گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى زىكرىدە

ئۇلار بىرنەچچە تەبىقىدۇر: بىرىنچى تەبىقىدىكىلىرى ئىلاھىي مەرىپەت خەزىنىسىنىڭ جاۋاھىرلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقنىڭ تەرىپلەشلىرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغانلاردۇر.

*[49. ت] ئىشلارى مەئانىي خەزىنەسىدىن جەۋھەر تەرمەك ۋە ئەل فەيزى ئۇچۇن ۋەزن سىلكىگە نەزم بەرمەك.*

*نەزم ئەداسى بەغايەت ئەرجۇمەند ۋە بىنىھايەت شەرىف دىلپەسەند ۋە چۈن ئاياتى كەلامدا نازىل بار ۋە ھەدىسى مۆئجىزە نىزامدا تىلەگەن ئاپار. مەئەل ـ قىسسە ئەمەس، ئەل ھۆرمەتى جىھەتىدىن ئانى شېئىر دېمەس.*

*ئەمما بۇ ئەزىز قەۋمنىڭ پېشۋاسى ۋە مۇقتەداسى ۋە بۇ شەرىف خەيلىنىڭ سەردەفتەرى ۋە سەرخەيلى ۋە ۋەلايەت بەھرىنىڭ گەۋھەرى ۋە كەرامەت ئەۋجىنىڭ ئەختەرى، ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە كەرەمەللاھۇ ۋەجھۇدۇركىم، نەزم دىۋانلارى مەۋجۇددۇر ۋە ئانداغ ئەسرار ۋە نۇكتەلەرى نامەئدۇد.*

[ 49. ي ] ئۇلار مەنىلەر خەزىنىسىدىن جاۋاھىر تېرىدۇ ۋە شۇ جاۋاھىرلارنى ئەل پەيزى ئۇچۇن ۋەزن يىپىغا ئۆتكۈزۈپ نەزم قىلىدۇ.

نەزم ئىلمى ناھايىتى ئەزىز، ئىنتايىن شەرەپلىك ـ يېقىملىقتۇر. چۈنكى، ئالىلانىڭ كالامىدا ئۇ بار، ھەدىسلەردىمۇ ئۇنى ئىزدىسە تاپقىلى بولىدۇ. كىشىلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنى شېئىر دەپ ئاتىمىغان.

بۇ ئەزىز قوۋمنىڭ پېشۋاسى ۋە باشلامچىسى، بۇ شاراپەتلىك زاتلار گورۇھىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىسى ۋە سەرخىلى، ئەۋلىيالىق دېڭىزىنىڭ گۆھىرى ۋە كارامەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن — بولۇپ، ئۇنىڭ نەزم دىۋانى (شېئىرلار توپلىمى) بار، ئۇنىڭدا سىر ـ ھېكمەتلەر ھەددى ـ ھېسابسىز.

*[ 50. ت ] بۇ مەزھەرۇل ـ ئەجايىبغە گورۇھىكى تابىئدۇر ۋە بەئزىنى بەيان قىلالىكىم، كىملەر ۋاقىئدۇر. فارسىي ئىبارەتدە ئول جۇملەدىن، نازىمى جەۋاھىرۇل ـ ئەسرار، مەئرىفەتى ئىلاھى شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتاردۇر ۋە يەنە قابىلى مەسنەۋىي ۋە مەئنەۋىي، غەۋۋاسى بەھرۇل ـ يەقىن مەۋلانا جەلالۇددىن، يەئنى مەۋلەۋى رۇمىيدۇركى، مەقسۇدلارى نەزمدىن ئەسرارى ئىلاھىي ئەداسى ۋە مەئرىفەتى نامۇتەناھىي ئىملاسىدىن ئۆزگە يوقتۇر ۋە يەنە ھەم ئەۋلىيائى ئاگاھ ۋە مەشايىخى ئەھلۇللاھ باردۇرلاركى، بۇلارغە تەتەببۇئ قىلىپدۇرلار. بۇلار بۇ كەلامنىڭ ئەداسىن ۋە ھەقايىقى مەئناسىن مۇستەھسەن بىلىپدۇرلار ۋە بۇ خەيلدۇر ھەقىقەت تەرىقىنىڭ سۇخەنۋەرى، بەلكى كىمىياگەرى ۋە كىبرىتى ئەھمەرى.*

[ 50. ي ] ئەمدى بىز بۇ ئاجايىپ زاتلار گورۇھىغا تەۋە كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

شۇ جۈملىدىن پارسىي تىل بىلەن ئىلاھىي مەرىپەت سىرلىرىنىڭ جاۋاھىرلىرىنى نەزم يىپىغا تىزغۇچى شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتاردۇر. يەنە بىرى مەسنەۋىچىلىك ۋە مەنىۋىيەتچىلىكنىڭ قابىلى، يېقىنلىق دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسى مەۋلانا جەلالۇددىن، يەنى مەۋلەۋى رۇمىيدۇر. بۇلارنىڭ شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەرىپىتىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت.

يەنە بۇلارغا ئەگەشكەن، ھەممىدىن خەۋەردار ئەۋلىيا ۋە تەڭرى يولىدىكى ماشايىخلار باركى، بۇلار تەڭرى سۆزلىرىنى ئىپادىلەشنى ۋە ھەقىقەت مەنىلىرىنى ياخشى بىلگەنلەردۇر. ھەقىقەت تەرىقىتىنىڭ

بىلمىدانى، بەلكى كىمياگىرى ۋە كىبرىتى ئەھمەردۇر①.

[ 51. ت ] يەنە بىر جەمائەتدۇرلاركىم، ھەقىقەت ئەسرارىغە مەجاز تەرىقىن مەخلۇت قىلىپدۇرلار ۋە كەلاملارىنى بۇ ئۇسلۇبدا مەزبۇت ئېتىپدۇرلار. ئانداغكى، مەئانى ئەھلىنىڭ نۇكتەپەردازى شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى شىرازىي ۋە ئىشق گۇرۇھىنىڭ پاكبازى ۋە پاكرەۋى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە تەسەۋۋۇفدا ۋەقت مۇشكىلاتىنىڭ كىرىھ - كۇشايى شەيخ زەھىرۇددىن سەنائىي ۋە فەرىدۇددىن ئەھلى يەقىن، شەيخ ئەۋھەدۇددىن كىرمانىي، [ مەئانى ] سىغە لافىز خاجە شەمسۇددىن مۇھەممەد دىيول - ھافىز.

يەنە ھەم جەمئى باردۇرلاركىم، مەجاز تەرىقى ئەداسى ئۇلار نەزمىغە غالىبدۇر ۋە ئۇلار بۇ شىۋەغە كۆپرەك راغىب. ئانداغكى،

[ 51. ي ] يەنە بىر گۇرۇھ شائىرلار باركى، ئۇلار ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجازىي ۋاسىتىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆز پىكىرلىرىنى شۇ ئۇسلۇبتا مۇقىملاشتۇرىدۇ. مەنە ئەھلىلىرى ئىچىدىكى ھېكمەت ئىگىسى شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى شىرازىي، ئىشق ئەھلىنىڭ چىن ۋە ساداقەتلىك ئاشىقى ئەمىرخۇسرەۋ دېھلەۋى، تەسەۋۋۇپتا نازۇك، قىيىن چىگىشلەرنى يەشكۈچى شەيخ زەھىرۇددىن سەنائىي، دىن ئەھلىنىڭ يېگانىسى، تەڭرىگە يېقىن زات شەيخ ئەۋھەدۇددىن كىرمانىي، سۆز بىلەن ھەرقانداق چۈشقۇر مەنىلەرنى يورۇتۇپ بەرگۈچى خاجە شەمسۇددىن مۇھەممەد ھافىزلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر گۇرۇھ باركى، ئۇلار نەزملىرىدە پىكىرنى كۆپىنچە مەجازىي يول بىلەن بايان قىلغان. ئۇلار بۇ ئادەتكە بەكرەك مايىلدۇر.

[ 52. ت ] كەمال ئىسفەھانى ۋە خاقانى شىرۋانىي ۋە خاجەئى كىرمانىي، مەۋلانا جەلالۇددىن ۋە خاجە كەمال، ئەنۋەرىي ۋە زەھىرىي ۋە ئەبدۇلۋاسىئ دايىرىي ۋە سۇلەيمان ياساۋچى ۋە ناسىر بۇخارىي ۋە كاتىبىي نىشاپۇرىي ۋە شاھىي سەبزەۋارىي.

ۋە يەنە ھەقىقەت، مەجاز تەرىقىدە كامىل ۋە ھەر ئىككى تەرىقىدە ۋافى ۋە شامىل. نەزم ئەھلىنىڭ مۇقتەدايى ۋە ئىمامى ھەزرەتى شەيخۇل - ئىسلام، نۇرۇل - مىللەتە ۋەد - دىن ئەبدۇررەھمانەل - جامىي نەۋۋەرەللاھۇ مەرقەدەھۇ ۋە قۇددىسە سىررەھۇدۇركىم، ئەۋۋەلقى تەبەقەدە ھەم شەرىف مەقال ۋە سوڭقى تەبەقەنىڭ ھەم لەتايىفى ئەداسىدا ساھىب كەمالدۇرلاركى، ئالەمدە ھال ئەھلى بۇلار لەتايىفى بىرلە مەسرۇردۇرلار ۋە بۇلار مەئارىفى بىرلە ھۇزۇر قىلۇرلار.

[ 52. ي ] ئۇلار كەمال ئىسفەھانىي، خاقانىي شىرۋانىي، خاجەئى كىرمانىي، مەۋلانا جەلالۇددىن، خاجە كەمال، ئەنۋەرىي، زەھىرىي، ئەبدۇلۋاسىئ دايىرىي، سۇلەيمان ياساۋچى، ناسىر بۇخارىي، كاتىبىي نىشاپۇرىي ۋە شاھىي سەبزەۋارىيلاردۇر.

يەنە ھەقىقەت، مەجاز تەرىقىدە كامىل ۋە ھەر ئىككى ئۇسلۇبتا كەم - كۈتىسىز ماھىر، نەزم ئەھلىنىڭ پېشۋاسى ۋە يېتەكچىسى ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ئەبدۇررەھمان جامىيدۇر (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرغا تولدۇرسۇن، قەبرىسىنى مۇقەددەس قىلسۇن). ئۇ بىرىنچى گۇرۇھتىكىلەرگە ئوخشاشلا سۆزى شەرەپلىك ۋە كېيىنكى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئۇسلۇبى گۈزەللىكلىرى بويىچە كامالەت ئىگىسىدۇركى، ئالەمدىكى ئىلاھىي ھەقىقەت شەيدالىرى، پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ئەھلىلىرى ئۇنىڭ يېقىملىق ۋە مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ ۋە تارقاتقان مەرىپەتلىرى

① كىبرىتى ئەھمەرى — قەدىمكى كىمياگەرلەر (خېمىكلار) نىڭ چۈشەنچىسى بويىچە دەرىجىدىن تاشقىرى تەسىر كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان بىر ماددا، «ئالتۇن گۈڭگۈرت»، «قىزىل گۈڭگۈرت»، «ئىكسىر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ.

*[ 53. ت ] ۋە يەنە ئەدنا تەبەقەسىدە جەمائەتىدۇركىم، نەزمى ئوقەت بىلە خوشنۇد ۋە خورسەند ۋە رازى ۋە بەھرە مەنددۇرلار. ۋە يۈز مۇشەققەت بىرلە يەتتى بەيتكى، باغلاشتۇرغايلار؛ دەئۋا ئەۋازەسىن يەتتە فەلەكدىن ئاشۇرغايلار. سۆزلەرىدە نە ھەقايىق ۋە مەئارىف نۇشىدىن ھەلاۋەت ۋە نەزملەرىدە نە شەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھەرارەت. نە شائىرانە تەركىبلەرى ئەھسەن ۋە نە ئاشقانە سۆزۇ دەردلەرى شۇئلە ئەفگەن. بەئزىدىن ئەگەر بىرەر ياخشى بەيت ۋاقىئ بولۇر، ئەمما نىچە يامان دەئۋا ۋاقىئ بولۇركى، ئول ھەم زايىئ بولۇر.*

*ئەمما بىرى نازۇك مەئنا پىسەندىدە پەيج قىلۇر، ئەمما نەچچە ناپەسەند دەئۋا بىلەن ئانى ھېچ قىلۇر.*

[ 53. ي ] يەنە تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر جامائەتمۇ باركى، بۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن شاد ۋە خورسەن، رازى ۋە بەھرىمەندۇرلار. ئۇلار يۈز مۇشەققەت بىلەن يەتتە بېيىتنى قۇراشتۇرۇۋالسا، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە نە مەرىپەت تەمىدىن لەززەت، نەزملىرىدە نە زوق ۋە نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە گۈزەللىك ۋە نە ئاشىقانە كۆيۈش ـ يېنىشلىرىدا يالقۇندىن ئەسەر بولسۇن. ئەگەر بەزىلىرىدىن گاھىدا بىرەر ياخشى بېيىت يارىتىلىپ قالسا، نەچچىلىگەن ئورۇنسىز دەۋا بىلەن ھەممە ياقىقا جار سېلىپ، شۇ بېيىتنىمۇ زايە قىلىدۇ. بۇلاردىن بەزىدە بىرەر يېقىملىق، نازۇك مەنە كۆرۈلۈپ قالسىمۇ، ئۇنى يېقىمسىز دەۋا بىلەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

*[ 54. ت ] گويا ئەقىدەدە ئۆزلەرىگە مۇۋافىقدۇرلار ۋە سۆزلەرىگە ئىئتىقاددا مۇشفىقدۇرلار. تۇرفەراق بۇكىم، ھەربىرىنىڭ سۆزلەرىدە مەئنا ئازراق، ئۆزلەررىدە دەئۋا كۆپرەك نەئۇززۇ بىللاھى مىن شۇرۇرى ئەنفۇسىنا ۋە مىن سەييىئاتىنا ئەئمالىنا. رۇبائىي:*

*ئەئلالارىدۇر نەدىن دەرسەن ئەئلا،*
*ئەدنالاردى ھەم بارچە دەنىدىن ئەدنا.*
*ئەۋسەتلەرىكىم، ھېچ نىمەگە ياراماس،*
*بىلكىم، نەفەس ئۇرماماق ئۇلاردىن ئەۋلا.*

## ئون يەتتىنچى فەسل

## كاتىبلار زىكرىدە

*كاتىب شۇئەرا سۆزىنىڭ ۋەرەق نىگارىدۇر ۋە سۆز مەخزەنىنىڭ خەزانەدارى. خازىن ھۇنەرى ئەمانەت بولۇر ۋە تەسەررۇفى خىيانەت بولۇر.*

[ 54. ي ] گويا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىچە ئەقىدىسى مۇۋاپىق ۋە ئۆزلىرى ياراتقان سۆز ـ بېيىتلىرىغا ئېتىقادلىرى مۇستەھكەم. قىزىق يېرى شۇكى، بۇ تائىپە شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئازراق، ئەمما شائىرلىق دەۋالىرى كۆپرەك. ئەي تەڭرىم، نەپسىمىزنى ياۋۇزلۇقتىن، ئىشلىرىمىزنى يامانلىقلاردىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن ! رۇبائىي:

ئۇلارنىڭ ئەلالىرى ھەممىسىدىن ئەلا، تۆۋەنلىرى ھەممىسىدىن تۆۋەن؛ ئوتتۇرىدىكىلىرى بولسا، ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، بىلگىنكى، ياخشىسى ئۇلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغان تۈزۈك.

## ئون يەتتىنچى پەسىل

## كاتىپلار زىكرىدە

كاتىپ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ۋاراقنى بېزىگۈچى ۋە سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر. خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى (ۋەزىپىسى) ئامانەتنى ساقلاشتۇر، ئۇ ئامانەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ياكى ئۆزگەرتىۋەتسە، خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

*[ 55. ت ] ئەمىنكى، خىيانەتكە مەنسۇپ بولغاي، ئۇز ھۈنەرىدە مەئيۇب بولغاي. ئانداغىنىڭ ئىلكى قەتئى خوب بولغاي ۋە ياخشى نۇقتەدىن سەفھەگە جەمال، ئانداغ ياخشى نۇقتە يۈز سەفھەسىغە خەتتۇ خال. خۇش نەۋىس كاتىب سۆزگە ئارايىش بېرۈر ۋە سۆزلەگۈچىگە ئاسايىش يەتكۈرۈر. راقىمى رەقەمى بولغاي راست ۋە راستلار كۆڭلىگە قەبۇلىيەتى بىخاست. مۇھەررىرىكى ۋە تەھرىرى بولغاي تۈز، پېسەندىدەدۇر، ئەگەر بىر بەيت فۇتۇر ۋەگەر يۈز. ئەگەر خەت سۇرەتى ناخۇشىدۇر، مەئنى خەيلى ۋە ئوقۇغۇچى ئاندىن مۇشەۋۋەشدۇر.*

*خۇش نەۋىسكى، سەھۋى كۆپ بولغاي، ئىلكى فەلەج ئىللەتىگە خوب بولغاي. ئولكى، بىجا نۇقتە بىرلە «حبب» (ھەبىب) نى «خبيث» (خەبىس)*

[ 55. ي ] ئامانەتنى ساقلىغۇچى كىشى خىيانەتچى بولسا، ئۆز كەسپىدە ئەيىبداردۇر. شۇڭا، بۇنداق كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن ياخشى.

ياخشى يېزىلغان خەت ۋە جايىدا قويۇلغان چېكىت چىرايلىقلار يۈزىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك ئاق قەغەز جامالىنى بېزەيدۇ. خۇش خەت، يەنى خەتنى چىرايلىق يازغۇچى كاتىپ سۆزگە زىننەت ۋە سۆزلىگۈچىگە راھەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر خەت پۈتكۈچى خەتتات توغرا يازسا، ئۇنىڭ پۈتكىنى ياخشىلار كۆڭلىگە سۆزسىز مەقبۇل بولىدۇ. يازغۇچى خاھى بىر بېيىت، خاھى يۈز بېيىت يازسۇن، ئىملاسى توغرا بولسا، ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدۇ؛ ئەگەر خەتنىڭ شەكلى چىرايلىق ۋە توغرا بولمىسا، بىلىم ئەھلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىدە مۈجمەللىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك، خېتى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما ئىملاسىدا كۆپ خاتاغا يول قويىدىغان بۇنداق كاتىپنىڭ ئىككى قولى پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغاي. ئۇنداقلار چېكىتنى ئورۇنسىز قويۇپ «ھەبىب» (دوست)نى «خەبىس» (پەسكەش)،

*[ 56. ت ] قىلغاي، «محبت» (مۇھەببەت) نى «محنت» (مېھنەت) قىلغاي. ئانىڭدەك خەبىسى مېھنەتزەدەگە يۈز لەئنەت.*

*خەتىكى غەلەتى بىھىساب ۋە قارىي مەسخەرە ساقالىغە خىزاب. ئول خەتنى قىرقىپ مەبرىزغە تاشلاماق ياخشى ۋە ئىگەسىن مالىكى جەھەننەم سارى تاشلاماق ياخشى.*

*مەھبۇبدىن مەكتۇبكى، ھەم خەتى خوب بولغاي، مەزمۇنى ھەم خوب؛ جانىغە ئولدۇر مەرغۇب ۋە كۆڭلىگە ئولدۇر مەتلۇب. خەتى يامان بولسە، يامان ئەمەس، مۇھىب مەھبۇب خەتى [ نى ] يامان دېمەس.*

*يامان كاتىب مەنزىلى قەلەمداندەك چاھ ئارا بولسۇن، قەلەمدەك باشى يارا ۋە يۈزى قارا بولسۇن نەزم:*

*قايسى بىر كاتىبكى، ئول سۆزگە قەلەم سۇرگەي خىلاف،*
*ئول قارا يۈزلۈك باشى بولسۇن قەلەم يەڭلىغ شىكاف*

[ 56. ي ] قىلىدۇ، «مۇھەببەت»نى «مېھنەت» قىلىپ يازىدۇ، ئۇنىڭدەك يارامسىز جاپاكارغا يۈز لەنەت! خېتىمۇ سەت، خاتالىرىمۇ كۆپ بولغان كاتىپ ساقىلىنى بوياپ مەسخىرىگە قالغان قېرى كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق كاتىپنىڭ خەتلىرىنى پارچىلاپ ئەۋرەزگە تاشلاش ۋە ئىگىسىنى بولسا جەھەننەمگە يوللاپ، دوزاخنىڭ پاسىبانىغا تاپشۇرۇش ھەممىدىن ئەلادۇر.
مەھبۇبىدىن كەلگەن مەكتۇپ خېتى چىرايلىق، مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا، كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرۈپ، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ خېتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ھېچقىسى يوق. چۈنكى، ئاشىق مەشۇقىنىڭ خېتىنى ھېچقاچان يامان دېمەيدۇ.
گويا قەلەمنىڭ ئورنى قەلەمدان بولغاندەك، يامان كاتىپنىڭ مەنزىلى زىندان بولسۇن، بېشى قەلەمدەك يارا، يۈزى قەلەمدەك قارا بولسۇن. نەزم:

سۆزنى چەلگەش ـ خاتا يازىدىغان ھەرقانداق بىر قارا يۈزلۈك كاتىپنىڭ بېشى قەلەمدەك تىلىنسۇن

*ئون سەككىزىنچى فەسل*

***دەبىرىستان ئەھلى زىكرىدە***

*[ 57. ت ] مەكتەبدار بىگۇناھ مەئسۇملەرگە جەفاكار. ئەتفال ئەزابىغە راغىب ۋە ئۇلار تەئدىبىغە مۇرتەكىب. زاتى بىمەدار ۋە دىماغى فۇلاد ۋە كۆڭلى خار. غەزەبىدىن قاشىدا چىن، گۇناھسىزلەر بىلە ئايىنى كىن. كۆپرەكىدە تەبئ ئىللەتى پەيدار ۋە ئەقل قىللەتىغە گىرىفتار.*
*ئەمما تەۋسەنى ئەتفال تەبىئەتى جەفا بىلە رام قىلغۇچى، ناھەمۋار سەفا تەۋرىغە سىياسەت بىرلە ئەندام بەرگۇچى. ئەگەرچە خۇيلارى دۇرۇشتلۇقدا ياماندۇر، ئەمما ئەتفال نەھەمۋارلىغى ئىسلاھىغە ئىرىك سۇھاندۇر.*

ئون سەككىزىنچى پەسىل

**مەكتەپ ئەھلى زىكرىدە**

[ 57. ي ] بەزى مۇئەللىملەر بىگۇناھ مەسۇملارغا جاپا قىلىدۇ. ئۇلار باللارنى ئازابلاش ۋە كالتەكلەشكە مايىل. زاتىدىنلا ئۇرۇشقاق، كۆڭلى پولات، باغرى تاش، غەزەپتىن دائىم قاپاقلىرى تۈرۈك، گۇناھسىزلار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە كۆنۈك، كۆپچىلىكىنىڭ تەبىئىتىدە كېسەللىك بار، ئۇلار ئەقىلسىزلىك كېسىلىگە دۇچار بولغان. ئۇلار باللار كۆڭلىدىن ئىبارەت توسۇن تايىنى جاپا بىلەن كۆندۈرمەكچى، ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئادەتلىرىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەرتىپكە سالماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلار تولىمۇ قوپال ۋە ئاچچىقى ياماندۇر، باللارنىڭ قالايمىقان ئادەتلىرىنى تۈزەشتە بىر چوڭ ھەرىگە ئوخشايدۇ.

*[ 58. ت ] ئانىڭ ئىشى ئادەمدىن كەلمەس، بەنى ئادەمگە ۋە نە دېۋ قىلا بىلمەس. بىر سۇرۇك*

*كىشىنى بىر تىفل مۇھافەزەتى ئاجىز گېتەر. ئول بىر سورۇككە ئىلمۇ ئەدەب ئۆرگەتكەي: كۆركى ئانى نى يېتەر. ئانچە باركىم، ئول قەۋمىنىڭ ئىدراكى ۋە فەھمى ئاز تۇشەر. ئانداغ كىشىگە يۈز مۇنچە مۇشەققەت نى بۇشەر ۋە ھەر تەقدىر بىلەن ئەتفالغە ھەققى كۆپدۇر. ئەگەر پادشاھلىققە يەتسە ۋە ئانى قۇللۇق قىلسە خوبدۇر. شاگىرد ئەگەر شەيخول – ئىسلام ۋە گەر قازىدۇر، ئەگەر ئاندىن ئۇستاد رازى ۋە خۇدا رازى. نەزم:*

*ھەق يولىدا كىم سانى بىر ھەرف ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،*
*ئەيلەمەك بولماس ئادا ئانىڭ ھەققىن يۈز گەنج ئىلە.*

[ 58. ي ] ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقنى ئىنسان قىلمايدۇ، ئىنسان توغۇل، دۆشمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. لېكىن، بىر بالىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بىر توپ ئادەممۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇئەللىم بولسا، بىر توپ بالىغا ئىلىم – ئەدەپ ئۆگىتىدۇ. قارالىڭ، ئۇنىڭغا نېمە جاپالار يېتىدۇ. باللار ئارىسىدا پەمى ئاز ۋە ئىدراكى ئاجىزلار بولسا، ئۇ كىشىگە (مۇئەللىمگە) يەنە يۈزلەپ مۇشەققەتلەر يېتىدۇ. نېملا دېگەنبىلەن، باللار (ئوقۇغۇچىلار) دا مۇئەللىمنىڭ ھەققى ناھايىتى كۆپ. ئەگەر ئوقۇغۇچى پادشاھلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشسىمۇ، ئۇز مۇئەللىمگە قۇللۇق قىلسا ئەرزىيدۇ. شاگىرتى ئەگەر شەيخۇلئىسلام ياكى قازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۇستازى رازى بولسىلا، ئاندىن تەڭرى رازى بولىدۇ. نەزم:

ھەق يولىدا كىمكى سانى جاپا چېكىپ بىرەر ھەرپ ئۆگەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھەققىنى يۈزلىگەن خەزىنە بىلەنمۇ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ.

## *ئون توققۇزۇنچى فەسل*

## *ئىماملار زىكرىدە*

*[ 59. ت ] ئىمامەت قىلغۇچى ئۆز قىرائەتىنىڭ شىفتەسىدۇر ۋە ئۆز نەمازىنىڭ فىرىفتەسىدۇر. كىشىلىكدىن ئۆز خەيالىدا تەسەۋۋۇرلار ۋە ياخشىلىق زەمرىدە تەكەببۇرلار. ئۆز نەمازىن مەقبۇل تەخەييۇل قىلغان، جەمائەت نەمازى قەبۇلىيەتىن تەكەففۇل قىلغان. قىرائەت قىلماغى مەھزى رەئنالىق ۋە جەمائەتدىن ئىلگەرى چىقماقى ئەينى رەسۋالىق. نەفسانىيەت خەيالىغە پېشۋالىق ۋە تەسەۋۋۇرى ئەلگە مۇقتەدالىق.*

*نەمازغە ئىمامەت كامىللار ئىشىدۇر، ئۆزىن مۇنداغ تەسەۋۋۇر قىلغان جاھىل، ناتەمام كىشىدۇر. ئىمامەت مۇناسىپدۇر پىردىن خەيلى مۇرىدغە، يا مۇئەللىمدىن سۇرۇك تىفلى نارەسىدەغە*

## ئون توققۇزىنچى پەسىل

## ئىماملار زىكرىدە

[ 59. ي ] ئىمامliq قىلغۇچىلاردىن بەزىلىرى پەقەت ئۆز قىرائىتىگىلا ئاشىق ۋە ئۆز نامىزىغىلا مەپتۇندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ياخشى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ ۋە مەن ياخشى دەپ

اگرچه بیلدیک بایان ساتقانی آصف نی بو خاکدان دا
قایبین تپالماغایی دهر ایلیدا ابروکا آصف نیناد دور
اول بیلکا بیکیم سلیمان تختی برباد دور بو ظالم لار ملکینی
برباد برکوچیلار دور و ملک اهلی بغیشتو غانلارنی
برکوچی لاردور اولی اولکه بولار ذکر بیلا خامه سورماگای
و بو خامه دیک قرا یوزلوک لار ایتیم قلم تیلیغه کلتورماگای
زهر شربتی بیلا اولتورکوچی طبیب بولارغه لایق بولسون
مخنث زور بیلا اولتورکوچی محتسب بولار کوراترک
طبیبت بو ایکه خیلی دین هر بیری مارافعی و شاهغه
واجب دور بولارنینگ دفعی بولار جمله سی حیالار
و خلایق غه تیکورور زیانلار و کلک لاری نوکر غه تسلیم
رعیت

29

رعیت جانیغه اول نیش تشویشی نی جه نیش مظلوم
جانیغه سانجیلغای امید اولکیم باشلاری اجل تیغی
بر له یانجیلغای نظم بولاردین کرا علی کرا دنی دور رو
کم اندین خلایق غه آزار دور و شه اولتورماک اولی
اول ایلنی یاتی بنی ذیب ور اقتلوا الموذیات
التیخ فصل قابیل صدرلار ذکر بیلا دیانت
صدر رعیت غه بلادور بوناکس عامی دور فسق
فجوراننیگ کا میدور و مجلسیدا نغمه نوازلیق علم
و تقوی غه اسیغه نوحه سازلیق علما کتورگان
کلاب شیشه لاری خالی قالیب باده سا لوغه
کامی ملازم لاری الیب بولار کتورکان نبات

30

ذکر اوچون روشالیب وظیفه وجه لاری اوزکا
اسباب اوچون سایقالیب بدکردار اندا غلبه
نابکار اندا طلبه نوکرلاریغه آش خانقاه رابطه سی
وجه لاریغه معاش شیخ مدرس وظیفه سی دیتی
بزمیغه جی کلتورکالی محتسب راضی و میغه یا ده یلار
ریشی قاضی کتورغه اندا مناهی حد دین بیحساب
بولغای اسلام شریعت غه نه عزت دین حساب
اولغای صدر کرک علماغه دوست یار بولسه و مشایخ قه
کارگذار و خدمت کار بولسه سادات غه محدث
وفقرا غه مینیدا بجذ و اقاف بوزوغلی تو زکوچی
و زراعت کثرتیدا سعی کورکوزکوچی نظم لوق اولکیم
فاسق

31

فاسق خمار ذکریه بوزغای کرچه بولغای خواجه دیک
رکابی نعش کرسانیق سراسر تونیدا اندین ارتوق
زیب بیرور فصح کرک باشیغه قولیب علاقه لیق دستار
نیار دا هم اننیگ اکنی دورور موالیدیک توتی اوکه
مرکب لوبینیغه باغلاب آسه قلمش اسیلغای
اوزی نینک اوز بوغزیدین سقالیدیک نتیجه فصل
فاسق و بدمعاش بهادرلوق لافین اورغانلار ذکریدا
شاه ایشیکیدا یارماق ضایع قیلغوچی باعث
اولاردین تنگریکا نه طاعت و نه شه غه اطاعت
طریق لاری خودنمالیق رسم لاری خودرالیق اشلاری
مستلیق و زیش لاری خودپرستلیق حین

32

ویباک لاری لافی معنیلیغ سوزلاری کذافی جرعه
کش لیک دین لاری وکافروش لیک آئین لارینی
کونکل لاری توفچاق سکر تیوردین آرام تاپماق سوز
لاری باتس یلانک یغدکا جا بماق بزم وادعوی لاری
حاتم لیغ ورزم واتلانشلاری رستم لیغ اوتاغات
لاریدین نسر طایرغه رمح ونیزه لاریدین سمک
راکح نوری درهم نطو لاریدین اشفته راق اعلارغه
دستار ه ودستار علاقه سیدین اوحاله ریدا آزاز
ملک وشمنی دفعی غه شهرت لاری دشاه غه
ملک اسرا منت لاری بودعوی باشیغه تیکو نجه
نجه سینی اولتوروب نجه سین داغی فسق وزخ غه

تیکوروب

33

یوزدین بری معرکه فه بیتیب تغذناغ جا بشلاری بیله
اوزین ضایع ایتیب مبارز افکن لیک لاری اوزضعیفلیغی
صف شکن لیک لاری اوزیسالیغه نوبنوع بهادر
معرکه دا بولماسونغه هیج صف توزار دا اینیک قانی
تولماسونغه شاه سپاهیغه ذره وتیلاس وعاسیدوغ
فقرا همتی تنکری رضا سعیدورشاه کیم انکا حق علاتی
بولغای لوایی زینتی نصر من الله بولغای شاه غه حق
عنایتی بازدشمنی ایرور خاکسار دولت خه
تیکورکوجی تنکری هم بر کوچ هم الغوجی تنکری اول
بر کیشی الا کیمش اول تیکورسه کتنی یراق قیلالماغای
شاه که حق امرنی بجا کلتورکای بودولت

34

کوب دشمن لارغه خوف رجا تیکورکای سطح شیمی که
صدق اینیک تنکری برله تونه بولغای نه غم عدو ایشیک
بر یوق ایرور بولغای کتنی کا تنکری برور فتح یوقی کرخیل
سپاه تباعیتا دمونکا ایلاماکنی سوزبولغای شعر
جریک بول ولیوه لماسا بخت یار بیهه غه عدو خیلی نیک حکمی بار
سکز نجی فصل پیادل کروهی ذکرمدا ایسا اول کی
بر مظلوم اتشیکا بارغای اول مظلوم نه ظالم دین
توتقارغای اکر مرد تیلاما که معدود دین ار توغیلیق
اول ظالم غه اولوغراق ایزاق دوب اکر سعی غه یراش
آلور خیاله تولغای اتا میراثی انا سوتی دیک حلالی بولغای
اکر طمع تمالیسی دین کم حوز حسرت ایرماسکا اینکا مسلم

35

اکر سعی قیلغای والماغای مردانکا هیچ دعدلیغ دیسه کولکای
ولی مطلق ذوق کوب ایرانلار بو ایشغه شعار ایتیب مولالار
ولوسلوک برله مقاصد غه تیکوروب لار دخلیم
اولیا اعدهر صورت دا بازبعضه ایمیش بم روش
اختیار جون ایرور لار قیه لار ایجی نهانی حق دین
اوزکا کیمکا ایرمس عیان تو توزونجی فصل
ایسا غلق قرا جریک ذکریدا ایسا غلیق ریحان
قرا جریک یاجوج وماجوج خیلی غه شریک ایکان
دین اولارغه آرام یوقی نیاغ کورسا توزین
بر نفس کام بوزنی ایشلاری تیلای الغانی تالاماق
یات ملک کا حمکار یتوه دیک سبزه ونغراغ یلاماق

36

ایسه میل کرک قیلغای هم فتوی داجو بولاری مزد
اوچون لا ونغم قیلماق کرک اول علم زن ایلکینه قلاد
اون اتورتونجی فصل مدرسلارنینک ذکریدا مدرس نینک
غرضی کرک منصب بولماسا بیلماس علم نی ایتور غه
مرتکیب بولماسا خودنمالیق اوچون درس حلقه سین
تورماسا و خودستانلیغ اوچون غوغا و تکلم
تورغاسا جهل دین دستاری اولوغ و علاقه سی
اوزون بولماسا مباحات اوچون مدرسه الوانی
باشیغه الکا اوروب بولماسا دینی علومی برله و تعیینی
ماینی ایلکا تعلم قیلسه باکلیک لاردین هر نی سالم
و ناپاکلیق لاردین کریزان بولسه یوق کم اوزین
عالم بیلکای

45

اوزین عالم بیلکای نجه مجهول نی معلوم قیلالماغای
انواع فسق نی مباح بلکه حلال بیلکای قیلماس ایشلارنی
قیلماق اندین معلوم بولغای و قیلور ایشلارنی ترکی
اندین قاعده و رسوم بولغای بو مدرس یماس کم
مبتدع دور مونداغ کیشی صحبتی اسلام ایلیدین
ممنوع عالم کرک متقی بولوب اکاه و ایتوری قال الله
قال رسول الله نظم هر نیکه اینورار اول خدا و رسول دین
اندین اسوزنک اولسه مجتهد اولیا سوزین اندین
کیشی نی ایشتور و نه اورکا نوز بولغای خدا سوزی
یوق ایسه مصطفی سوزین اون بشنچی فصل طبیبا
ذکریدا طبیب غه اوز فنیدا حذاقت کرکتور و بیمارلار

46

حالیغه شفقت و نفس طبیب غه طبع ملایم و حکیما
قولیغه دریغ و ملازم سوزیدا رفیق و دلجو بولوق
و اوزیدا ارام خوشخو بولوق حاذق طبیب کم بیمار غه
شفقتی بولغای ذی لوبه لور کم عیسی روح الله غه نسبتی
بولغای عیسی اوشتی حیقان جان غه تن کا کیکوماک عا
جز و مونینک ایشی چیقادورغان جانغه مانع بولسا
دوا بیله مونداغ طبیب نینک یوزی مریض کو نکلی کا محبوب دور
سوزی بیمار جانیغه مرغوب دمی علیل لار غه دوا
قدمی خسته لار غه شفا خضر نجات اینک طلعتی
ابحیات اینک شربتی اکر فنیدا ماهر بولسه
امما بدخوی و بی پروا و درشت کوی مریض غه اکرچه

بر جانب

47

بر جانب دین علاج تیکورور اما نجه جانب دین
تغیر مزاج تیکورور و لیکین عامی طبیب کم ایرور شاکرد
جلاد اول تیغ بیله بو زهر بیله قیلغوچی صیاد اول
مونیدین نخچیر اوق و بی استباه کیم اینک قتیلی
کنه کار دور مونینک کناهسیز کنه کار مونکا
زلیل بولماسون و هیچ بی کناه اینکا علیل بولماغای
طبیب خضر شکوه تن رنجیغه شفادور عامی و تشدید
خوی این جانیغه بلادور اون التنچی فصل کلستانی
نینک خوش نغمه نوا قوشلاری ذکریدا اول نجه
طبقه دور اولتی جماعت نقود و کنوز معرفت
الهی دین غنی و خلق تعریفیدین مستغنی دورلار

48

ایشلاری معانی خزینه سیدین جوهر ترماک و ایل
فیضی اوچون وزن سلکیگا نظم برماک نظم اداسی
بغایت ارجمند و به نهایت شریف و دلپسند
و چون آیات کلام دا نازل بار و حدیث معجزه
نظام دا نیلاکان تیپتی مع القصه کاش ایع جهتدین
جهتیدین اذ شعر دیماس اما بو عزیز قوم نینک کسبی و سوا
و معتقداسی دور بو شریعه خیلی نینک سردفتری
و سر خیلی و ولایت بحری نینک گوهری و کرامت
اوجی نینک اختری امیر المؤمنین علی رضی الله عنه
و کرم الله وجهه دور کیم نظم دیوانلاری موجود دور
و انداغ اسرار و نکته لاری نامعدود بو منظومه لاری عجایب

کمعی

49

گردی که تابع دور و بعضه بیانات قیلالیکیم ملا
واقع دور فارسی عبارت دا اول جماعه دین ناظم
جواهر الاسرار معرفت الهی شیخ فرید الدین عطار
دور و ینه قایل مثنوی و معنوی غواص بحر الیقین
مولانا جلال الدین یعنی مولوی رومیدور کیم مقصود
لاری نظم دین اسرار الهی اداسی و معرفت
نامتناهی املاسیدین اوزکا یوقتور و ینه هم اولیا
الله و مشایخ اهل الله بار دورلار کیم بولار غه تتبع
قیلیب دورلار بولار بو کلام نینک اساسین و حقایق
معناسین مستحسن سلیب دورلار و بو خیل و حقیقت
طریقی نینک سخن ورتی بلکه کیمیاگری و کبریت احمری

50

ینه برجماعت دورلار کیم حقیقت اسرار غه مجاز طریقی
مخلوط قیلیب دورلار و کلام لارینی بو اوسلوب دا
مضبوط اتیب دورلار انداغ کیم معانی اهلی نینک نکته
پردازی شیخ مصلح الدین سعدی شیرازی و عشق
گروهی نینک پاکباز و پاک روی امیر خسروی
دهلوی و تصوف دا وقت مشکلات نینک
گره کشایی شیخ فخر الدین عراقی و فرید الدین
اهل یقین شیخ اوحد الدین کرمانی و اسیغه
لافظ خواجه شمس الدین محمد الحافظ و ینه هم
جمعی بار دورلار کیم مجاز طریقی اداسی لار نظم غه
غالب دور و اولار بو شیوه غه کوبراک راغب اندا کی

کمال اصفهانی

51

کمال اصفهانی و خاقانی شروانی و خواجو کرمانی
مولانا جلال الدین و خواجه کمال انوری و ظهیری
و عبد الواسع دایری و سلمان ساوجی و ناصر
بخاری و کاتبی نشابوری و شاهی سبزواری
و ینه حقیقت مجاز طریقیدا کامل و هر ایکی طریقدا
واقف و شامل نظم اهلی نینک مقتدایی و ابلاغی
حضرت شیخ الاسلام نور الملة و الدین
عبد الرحمن الجامی نور الله مرقده و قدس سره
دور کیم اول طبقه دا هم شریف مقالاتی سه نکتی
طبقه نینک اداسی دا صاحب کمال دورلار که عالم دا
حال اهلی بولار لطایفی بر له مسرور دورلار و بولار غه معارف

52

# ئىسمائىل ھاجى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

## مۇۋەششەھلەر

جەمالى ھۇر كېرەكمەس ئۇزارىڭ ئالدىدا،
نەسىم ھاجەت ئەمەس مىشكبارىڭ ئالدىدا.
مەئۇنەتۇ مەدەدىڭ بەس بۇ چەرخى گەردۇن ئارا،
كەلال لازىم ئەمەس گۇفتىگارىڭ ئالدىدا.
ئەنىسى ئەھل شەرەف ئولدۇڭ ئاسمان سارىدىن،
يۇنۇس مۇلازىم ئەمەس يار - يارىڭ ئالدىدا.
لەبىڭنى خىزر ئۆپۈپ، ئۇمرى جاۋىدان تاپتى،
سۆزۇم مۇناسىب ئەمەس ھۇشيارىڭ ئالدىدا.
ئەگەرچە لۇتفىڭ ئۇچۇن ئىنتىزاردۇر كۆڭلۇم،
كۆڭۈلنى قەدر تاپار كامكارىڭ ئالدىدا.
لىۋايى فەتھۇ زەفەر فەرقىڭ ئۇزرە نۇسرەت ئېتەر،
غۇلام ھاجەت ئەمەس زۇلفىقارىڭ ئالدىدا.
دىماغى ئەقلىمە دانىش كېلۇر بەھارىڭدىن،
خىرەد قاچان ئوقۇلۇر دۇر نىسارىڭ ئالدىدا.
يەقىن ئېرۇركى دىلىم نەقشى رەڭگى لەئلىڭدىن،
ھەجەرنى كارە كېلۇر نەخلزارىڭ ئالدىدا.
نىھالى ئەنجۇمەنىم بەھرە تاپتى رىزۋاندىن،
نىھالى ھۇسن ياراشماس غۇبارىڭ ئالدىدا.

*　　*

مۇرادى خاھىشىم قەسدى مۇھەممەد ناسىر ھاجىمدۇر،
نىزامىم رەۋنەقى فەرخۇندە خۇ دەئبى خىسالىمدۇر.
ھەممىيەت سىلكىدە ساھىبقىرانلىق مەنسەبى باردۇر،

زەبانىم گەردىشگە ناتىقۇ سەرۋى خىرامىمدۇر.
مەجالىم سەفھەسىدە ئاي يۈزى رەۋشەن مۇسەففادۇر،
بىلادىم قەرىيەسىگە شەمئىدانى شەب چەراغىمدۇر.
دىماغىم ئەقلۇ دانىشمەندلىك تەۋرىدىن ئەيلەر سۆز،
بەھارىم گۈلشەنىگە بوستانى نەۋ نىھالىمدۇر.
نەباتى مىسر شىرىن سۆزلەرىدىن شەرمىسار ئولمىش،
ئەسەر ياغلىغ شىفالىق بەخشىشى مەقسۇدى كامىمدۇر.
ئەزەلدىن تا ئەبەد رۇخسارى شەۋقىدە كۆيەر خۇرشىد،
شەبىستانى كەۋاكىب ئۈزرە ئەختەر چەرخى بامىمدۇر.
سىراتەل مۇستەقىم ئول دىلبەرىمنىڭ رەسمۇ رەفتارى،
تەرىقى چار مەزھەب سۇننەتى بەيتۇل ھەرامىمدۇر.
رەباتى كۆھنە ھەرگىز مەنزىلى پايەندە بولماپدۇر،
مەگەر تەسنىمى جايتاش شۇئلەسى گۈلگۈن مىزاجىمدۇر.
ھەرىمى كەئبەئى دىل مەھرەمى ئەسرارى مىنادۇر،
كى دەۋران ساھەتىدە ئەندەلىبى گۈلىستانىمدۇر.
ئەسىرى ئىشق بولدى ۋالەئى ئاشۇبلۇغ كۆڭلۈم،
بەھارىستان نىھالى قامەتىم نەخلىدە رامىمدۇر.
جەمالى يۈسۈف ئەردى ئارەزى رىزۋانغە نۇزھەتگاھ،
جەلالەت مەسنەدىدە گۈلئۇزارىم خەددۇ خالىمدۇر.
مۇھەممەد ناسىر ھاجىم شەكلىدىن نەزم ئەتتى ئىسمائىل،
تەنى ئەفسۇردە ئىچرە روھى رەيھان ياخشى ھالىمدۇر.

* *

ماڭا لازىم ئىرۇر شۈكرانەئى ھەردۇ جەھان قىلماق،
سەناۋۇ ھەمدۇ تەسبىھۇ دۇئايى جىسمۇ جان قىلماق.
ھەرەمنى ئۆمرەسىدىن ھەج تەۋاف ئەتكەن ئەزىزلەرنى،
مەدىنە رەۋزەسىدە ئەنجۇمەنگە باغبان قىلماق.
مەكارىم خۇيلاردىن بولدى سەلمان ھەققە شايەستە،
قۇبانىڭ گۈلشەنىگە بۇلبۇلى خۇرشىدبان قىلماق.
دىلۇ جانىم فىدادۇر خارۇ خەس مىناغە قۇربانچۇن،
جىمالۇ[①] گۇسفەند ئولغانغە رۇھۇمنى رەۋان قىلماق.
نىگارىم قامەتى تۇبانى ئەيلەر خاكىلە پەيۋەست،
نىھالى سەرۋىلە گۈل بەرگىنى ۋىردى زەبان قىلماق.
ئەمەسمەن مىھرىبانلىق رەسمىدە مىھرى فەلەك ياغلىغ،
سىتارە يۇلدۇزىنى راھدارى ئاسمان قىلماق.
سەھىھ ئەردى تەمامى رەسمۇ قەۋلى ھەج ماناسىكدە،
ۋۇقۇفى مۇلتەزىم ئەرفاتۇ زەمزەمنى نىھان قىلماق.
رەقەم تارتار كىرامۇلكاتىبىن كىلكى ئەتارۇددىن،
مىدادى مۇشتەرىنى لازىم ئولدى ئىمتىھان قىلماق.
ھىجابۇ پەردە ھەرگىز بولماس كەئبەتۇللاغە،

① جىمالۇ ــ تۆگە.

باقمادى باشىم ئاقارغاندا ساقالىم يەك دەم،
داغى فۇرقەتدە كۆنى كانى دىلى جىگەرىن،
سەفەر ئەتكەندە قىلۇر ئەھلى رىفاقەت ماتەم.
ئاھ دۇنيا سىتەمى ئەيلەدى باغرىمنى زەبۇن،
ھالەتىم زەئفى قويۇپدۇر بەدەنىم ئۈستگە نەم.
مىھرىدىن رەھمەت ئىلە تۆكتى قۇياش كۆز ياشىنى،
تا بولۇنسام خەمرى ئادەم ئىلە ھۇسنى قەلەم.
يۇمن ئىلە ھەم بەرەكەت تۆكتى فەلەك زاۋىيەسى،
تا زەمىندىن ئۈنۈپ ئەتلەس يۈزىگە نەقش.
نامەدىن مۇژدە مۇھەممەدئەمىن ئولدى تەھقىق،
ئىككى ئالەم قەدەمى ئاستىدا تاپتى بەرھەم.

* *

ھەر مىنىڭ بۇلبۇلى تايىق گۇلىغە زارۇ نەززارە،
قىلۇر مىنا تاغى شەرق ئاتەشىدە باغرىنى پارە.
ئەلەملىك، دەردۇ غەملىك مەرۋەنىڭ ئەفغانىنى كۆرگىل،
سەفانىڭ سالقىنىنى بۇيلاماقىغە بولدى ئەۋۋارە.
جەسەد ھەۋۋانى جىندە قىلدى رۇخسارىغە ئارايىش،
قاشۇ كىرفىكلەرىدىن زۇلفىنى كۆرسەتتى مىڭ تارە.
يەر ئىلە ئاسمان بىرلىكدە قىلدى ھۇججەتىن ئىزھار،
ۋەرەق ئۈزرە فىتىلدى ھەر نۇقەتدىن لەفزى ئىقرارە.
تەرەننۇم كۆرسەتىپ سازەندەلىكدىن نەغمەئى داۋۇد،
چىقاردى ئەبر نەيسان يەمغۇرىدەك دۇشى دۇتارە.
مەھارەت ۋەقتىدە گەردۇن سەرايى كۆز قاراغىدىن،
تۆكەر زەمزەم سۇيىنى خالى رۇخسارىغە رەھۋارە،
ۋىلايەت رۇبئى مەسكۇن زەررەچە يوق ئالى ھىممەتدىن،
قىلىپ لاھۇت ئارا مەنزىل ۋەتەن ئاھەڭگى خۇنخارە.
رەفىقىم مۇمنى ئەيلەر سەڭگى مەقناتىس تۆمۈرىدىن،
ئەگەرچە ھەجرى ئەسۋەددىن ئەتسەم شۇئلەلىغ نارە.

* *

ھەر مىنىڭ رۇكنى تۇتسۇن ئەمرى فەرمانىڭ قۇلاقىنى،
كۆتەرسۇن ئەرشى ئەئزەم فەرقىڭ ئۈزرە تەختۇ تاقىنى.
ئەزەلنىڭ سانىئى نەقش ئەتتى رۇخسارىڭنى مىھرىدىن،
مۇسەۋۋەر زۇلمەنەن تەقۋىم ئىتىپ قەسرۇ رەۋاقىنى.
جەلالەت كىشۋەرىدە يەتتە ئىقلىم ئاستانىڭدىن،
ئالۇر تەئلىم رەسمى ئادەمىيەتلىك سىياقىنى.
ياساپدۇر ھەق تەئالا تىنەتىڭنى خاكۇ زەمزەمدىن،
سالىپ ئافاق ئىلىگە خالۇ خەددىڭ ئىشتىياقىنى.
ئىبارەت رەشھەسىدىن خاتىرىڭ ئاسۇدەدۇر ئەممان،
مەساكىنلەر فىغانى سالدى كويۇڭغە تەباقىنى.
بەھاران كۆنلەرى باران تۆكەر رۇخسار تابانىغە،

قاتار كىرفىكلەرىڭ كۆرسەتتى شەفقەتلىك ۋىفاقىنى.
يەمىنى كەئبەدىن تەئيىد ئىتەر بازۇيى دەستىڭغە،
يەدۇللاھ فەۋقەھۇم قىدرىڭغە قويمىش ئەرش ساقىنى.
دىماغىڭ فەھمىدىن ئىلمۇ ئەدەب ئۆرگەندى جەبرائىل،
رەۋانىڭ كۆرسەتىپ شەب قەدر ۋەقتىدە بۇراقىنى.
ئاشار ھۆسنۈڭ زىياسى يەتتە كەۋكەب ئاسمانىدىن،
خىزىر ئىلياس ئالىپ ئىلكىگە شەمئىڭ ئىھتىراقىنى.
لەبىڭ مەرىيەمگە بەردى مۆزدەئى ئىيساۋۇ يەھيانى،
مەسىھ دەم سالدى سەندىن مۆردەغە جانلىغ بۇلاقىنى.
لەتافەت بابىدا شەرمەندە رىزۋان ئىلە ھۆرۈلئەين،
ئەگەرچە لۇتق دىن فەيدا قىلىپ ھەق ئىتتىپاقىنى.
ھىدايەت تافغۇسى ھەركىم دىسە ھاجى ئۇبەيدۇللاھ،
تەجەللى بەردى ئىسمائىلغە خۇرشىدىڭ قاراقىنى.

## مۇستەھزادلار

ئەي ئىككى جەھان خواجەسىدۇر فەخرۇ كەرەملىك، ئول ئەھمەدى مۇختار،
بولدى ھەمە ئەكنافى جەھان ئۇزرە پەيەمبەر، ئول ساھىبى ئەسرار.
لەۋلاك كەبى تاجى ئەلەم قەددىغە زىينەت، شەۋكەتۇ شەرافەت،
ۋەششەمس يۈزۈڭ كېچەگە ۋەللەيل ئىشارەت، ھەر نورغە ئەنۋار.
زۇلفۈڭ كەبى ئەشجار ئېرۇر بەترەغە گۈللار، نوزھەتدە شۇكۇفە،
يەلداغە ئۇرۇجىڭ كېچەسى قەدردە شەب قەدر، ھەر يەلدا ئەلەمدار.
تەيرانۇ ۋۇھۇش بۇلبۇلى خۇش لەھن نەۋاسى، تاغلاردە بىنەفشە،
ئىسارى قەدەم نەغمەئى تەۋھىد تەھىيات، ۋەسفىڭگە خەرىدار.
ئەترىڭنى جەھان ئەھلىغە ئىسار قىلۇرغە، ئول بادى سەبانى،
ئاتەشنى تەئام سۇ كەبى لەززەت تافىلۇرغە، بۇ تۇرفە شەممىدار.

* *

كۆردۇم يۈزۈڭ ئەي ئارەزى تابەندە مۇنەۋۋەر، خۇرشىد ئېرۇر زار،
ئەكسى رۇخىڭ ئاغاز ئېتەر ئەھدى پەيەمبەر، ئافاق خەرىدار.
بالا قەدىڭ ئالدىدا خىجىل سەرۋى گۈلىستان، خەس - خار قاتىدە،
توقۇز فەلەك ئەيۋانى ئېرۇر فەست يەر ئۇخشە، ھۆسنۈڭا گىرىفتار.
دانىشمەند ئىدى فىتنەت زەھەڭ بىلە لۇقمان، ھىكمەتدىن ئاشۇقراق،
مەئجۇنى شىفائى ئەبرى فەلەكدىن تۆكۈپ ئولدى، ئەسقامغە ئىسار.
بىر ئەرسەسى گۈلدەستەئى فىردەۋسنى ئاڭلاپ، ئاقتۇردى بۇلاقىن،
شايەدكى شەھى ھەردۇ سەرا رەھم قىلۇر دەپ، بىچارە تەلەبكار.
ئەي بادى سەبا ھالى دىلى غەمدىن ئېرۇر زار، دىلبەر ئەلەمدىن،
يەتكۈر ھەمە ئەرزىمنى قۇلاغى دىماغىغە، بولسۇن ماڭا نەززار.
كىم بولماسۇن ئۆمرۈڭدەكى ئاسارى كەرامەت، ئەي بۇرقەئى يۇسۇف،
خەم بولماسۇن ئاسبى سىتەمدىن قەدى ئالىڭ، بالايى سىپەھدار،
مەندىن ساڭا مىڭ مەرتىبە يەتسۇن ئەسەرى ئاھ، ئەي گۈشى شەھەنشاھ،
سەندىن ماڭا بىر مەرتىبە بەسدۇر بۇگەرانلىغ، ئەي دىيدەئى خۇنبار،
تا يەتتە فەلەك تۇردى نۇجۇم ئىلە مۇزەييەن، گۈلشەن گۈلى ياڭلىغ،

ئالدىڭدە بولۇپ بەندەئى بىچارە مۇسەخخەر، چۈن تىفلى خۇدايار.
سەير ئەيلەپ ئىدى بەھرۇلھەيات ئەيش سۈيىنى، خىزىر ئىلە سىكەندە،
بولدى بىرى سىرابۇ بىرى خۇشك لەب ئەردى، ئەي نافەئى تاتار.
ھەرچەند فىغان ئەتسە ساڭا قىلمادى تەئسىر، ئەي سەنگى دىل ئەمدى،
ئىسمائىل ئۈچۈن بىر نەزەر ئەتكىل كەرەمىڭدىن، بولسۇن خەتى ئەھرار.

*  *

ئۆلمەككە يېقىنلاشتى تەنۇ جىسىم شىكەستە، دىلبەر ئەلەمىدىن،
گوياكى زەمىن قىلدى نىھان جانۇ جىگەرنى، كۆكنىڭ سىتەمىدىن.
دەريايى غەمىڭ قەترە تۆكۈپ فەرقى سىرىمغە ئاقتۇردى فەلەكنى،
يا خىزىر سۈيى باشلادى باران بۇلۇتىنى، فەرخۇندە دەمىدىن.
تۇبا شاخى باش تارتتى قۇرۇغ بادى سەبادىن، جەننەت ئاراسىدا،
يافراغ چىقارۇر ئول مەھەل ئەنۋائى خىرامان، كەۋسەرنىڭ نەمىدىن.
رىزۋانى بىھىشت ئارەزىڭ ئىستەر كېچە - كۈندۈز، نەززارە يولۇڭغە،
بىچارە غەرىب ئولدى مەگەر ئۆز ۋەتەنىدە، ھىجرىڭنىڭ غەمىدىن.
خەلق ئاغزىدا ۋەسفىڭنى ئوقۇپ شۈكر قىلۇرلار، مەھمۇدلىغىڭدىن،
دەرلەر ھەمە ئەل ئەينى لەتافەت بىزە مەخسۇس، ئالىي كەرەمىدىن.
خەمدۇر فەلەك ئەيۋانى قەدىڭ ئالدىدا گويا، تەئزىم ئۈچۈندۇر،
كىم بولماسۇن ئۇمرۇڭدەكى ئىكرامۇ تەۋازىئ، باغى ئىرەمىدىن.
ئايا نەزەرى تۇشسە نېچۈك بولغۇسى، يا رەب، بىز بادىيەسىگە،
رەفرەف ئاياغى يەتسە كۆزۈم قاراسى ئىچرە، بەتھا ھەرەمىدىن.
ئىسمائىل ئۈچۈن قىلدى [نۇزۇل] ھەزرەتى جىبرىل، قوچقار قويىنى،
تا ئانكى خۇدا قىلسا قەبۇل مەككە ئۆيىنى، ئەھمەد قەدەمىدىن.

*  *

ئەي تەلئەتىڭ ئەتتى بۇ جەھان مۈلكىنى پەيدا، يۈز شەئنۇ شەرەفدە،
تۇتتۇڭ ھەمەنى قەدرىچە سەنئەتدە ھۇۋەيدا، بۇ ئالتى تەرەفدە.
ھۇسنۇڭ گۈلى ئول ۋەقتكىم ئاچىلدى ئەدەمدىن، تەنھاۋۇ يىگانە،
بۇ بەكرنى ياراتتىڭ ئۆلۈغ غارى سەفادا، دىلبەرلىك غۇرەفدە.
دامانى ئەمەل قاسىرۇ بىچارە گەرىبان، ۋەسفىڭنى قىلۇردا،
ئۆز زاتىڭ ئېرۇر ۋەسفىلە مەۋسۇف مۇھەممەد، ئەنگۇشت ئىلە كەفدە.
مىلىڭ پارە تىلىم ئەجزىن ئېتىپ زاھىرۇ پىنھان، كىمدۇر ساناماقدىن،
ۋەسف ئولدى ساڭا مۇسھەفۇ تەۋراتۇۋۇ ئىنجىل، كۆرسەتتى سەھەفدە.
ئەي شەۋقىڭ ئوتى كۆيدۈرۈپ ئارامى دىلىمنى، باغرى جىگەرىمدىن،
ئەي ۋاي، ئەلەم غۇسسەدە تۇرغۇزدى فەلەكنى، يۇلدۇزى خەسەفدە.
گەر ئەيلەسەڭ زەۋق جىگەر ئىچرە ئىنايەت، كەۋسەر بۇلاقىدىن،
لەب تەشنە بولۇپ ئاقتى كۆزۈم ياشى لەبىمگە، جام ئولدى كەلەفدە.
توققۇز فەلەك ئالدىڭدا ئېرۇر زەررەچە ناچىز، سۇلتانى دۇ ئالەم،
ئىقلىمى زەمىن خامەئى شەۋكەتدە مۇسەخخەر، بەرپا ھەمە سەفدە.
سەن بارسەنۇ ئۆزگە پەيەمبەر ھەمە نازىر، جۇدۇڭ كەرەمىغە،
ئەي ئالىي كەرەم ھىممەتى ئەئلا ھەمە جاندىن، دەم ئۇرغۇچى لەبدە.
مەدھىڭنى ئوقۇپ زەۋق ئىلە فىرياد ئېتەرمەن، نەۋكى قەلەمىدىن،

ئەي گۈلشەنى فىردەۋس ئېرۇر تەربىيەتىڭدىن، بەتھايى گەرەبدە.
سەلمان سىنى تاپماقغە ساتىلدى نەچە نەۋبەت، يەسرىبدە تافىشتى،
رىزۋان باغىغە نەخل تىكىپ مىۋە چىقاردى، ئازاد تەلەبدە.
ئوسمان ساڭا سەرف ئەيلەدى مىلك تىۋە يۈكلە، توبۇك مەرھىلەسىدە،
ئەھزاب كۈنى تۆكدى ئەلى، ئۆمەر قانىنى، تاشلاندى نەقەبدە.
نەززارە سىنىڭ ئارەزىڭ ئۈستىگە مەدىنە، مۇھتاجلىغ ئەيلەپ،
جۇدۇڭ كەرەمى يافتى ئانىڭ ئۈستىگە خىلئەت، فىردەۋس لەقەبدە.
فەرخۇندە ئېرۇر فەيزى ئەزەل شەئشەئەسىدىن، تۇبايى مۇكەررەم،
خۇررەملىق ئۇچۇن ئەيلەدىڭ ئاندا ۋەتەن ئايىن، ئۇممىلىق ھەسەبدە.
رىزۋان ساڭا ھەر لەھزە قىلۇر تۇھفە جانىنى، باغرىنى خۇن ئەيلەپ،
جىبرىلى ئەمىن ئىلە ساڭا ھەدىيە ئىبەردى، يۈز نەۋئى تەرەبدە.
لاھۇت كېلىپ گەردى غۇبارىڭنى يۇياتتى، ئاھۇيى ھەرەمگە،
مۇشك ئولدى ھەمە بادى سەبا چىنۇ خوتەندىن، خۇشبۇيى رەجەبدە.
ئەرش ئەئزەم ئىدى بولدى ئۇلۇغ سەيرگەھىڭدىن، مىئراج تۈنىدە،
كۆرسى ئوقۇپ ئول ۋەقتدە ياسىن ئىلە تاھا، مەسرۇرى ئەجەبدە.
تالۇت ئوقۇپ نەقشى نىگىن لەئل خەتمنى، كام ئىلە زەباندا،
جالۇتنى قەتل ئەيلەدى داۋۇدى مۇزەففەر، شىددەتلىك تەئەبدە.
مۇسا سىنى ۋەسف ئەتتى كەلام تىلى بىرلە، تۇر تاغى ئىچىدە،
دەم سالدى ۋەرەق ئۈستىگە ئىيسا بىلە مەريەم، تۇرغۇزدى رۇتەبدە.

* *

تۇرغاندە گۇمە مۇنتەزىر ئەھۋالىغە ئوخشاش، نەززارە ئۆزىگە،
كۆز نۇقتەسىدىن نازىر ئولۇب بىنىش مەردۇم، تەلمۇردى كۆزىگە.
ناگەھ فەلەكۇل ئەرشدىن ئاۋازى تۇشۇلدى، بەتھايى ھەرەمگە،
سۆزلەپ سۆزىدىن شەھدۇ - شەكەر بولدى رەۋانە، تابەندە يۈزىگە.
ئائىنەسى ئىسكەندەر ئىدى مەھزى قاراغلار، ھەيۋان بۇلاقىدە،
خىزىر ئەيلەپ ئانى تامغاقى سەھنىگە مۇقەررەر، بەركىتتى سۆزىگە.
گۇفتارىدە بۇ كاشغەر ئەھلى ئۆمەر ئاخۇند، داموللا زەماندرۇ،
دەپ كۆرسەتىپ ئۆتتى تۇرۇقى تەۋرى ھۇمانى، ھەلقۇم بوغۇزىگە.
تەلقىن ئېتەر ئەردى ئانىڭ ئاۋازى خۇيىنى، ئادەم بىلە جىبرىل،
تەقلىدى تەرەب ھۇرى بىھىشت ئۇزرە مۇناسىب، تەن جان ئەۋەزىگە.
سۇبھانە ئىزاجائە ئەلەل ئەرزى سۇرەييا، مىن ۋەجھى سەمائىن.
پەيدا قىلىنۇر رويى زەمىن ئۈستىگە فىلھال، تاغ تەرزى تۈزىگە،
...... يا رەب، نەقىلۇر خامەئى ئىسمائىل ھاجەر، بىر زەررەنى سەنسىز،
سەنسەن دىلۇ جان خاتىرىنى تۇتقۇچى خۇشنۇد، بەرگەندە ئۆزىگە.
ئايىنى فەلەك ئەتتى ئانىڭ قەدرىنى ئەئلا، توققۇز مەھەلدىن،
سەن ئەيلە بەلەند چەرخى بەرىنىنىڭ ئەسەرىدىن، تۇرغۇز فەرەزىگە.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# باھارىستان[1]

ئەبدۇرراھمان جامي

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

تۆتىنچى رەۋزە

## ساخاۋەت ۋە كەرەم بابىدا

### نەسىھەت

ساخاۋەت بىرەر نەرسىگە قاراپ ياكى بىر نەرسە ھەققى ئۈچۈن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىش بولسا، ھەتتا تەلەپ قىلىنغان نەرسە ماختاش ۋە مىننەتدارچىلىق بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىز ساخاۋەت ئەمەس.

سېخىي دېمە، ساخاۋىتىگە  
بىرەر تەلەپ قويسا گەر ئادەم.  
سېخىيلىكمەس، بۇ سودىگەرلىك،  
بۇندا يوقتۇر شەرەپ ۋە كەرەم.

ساخاۋەتتىن كىمنىڭ مەقسىتى  
ئەگەر بولسا شۆھرەت ۋە ئاتاق.  
ئەھلى كەرەم شەھىرىدە ئاڭا  
ھەر دائىما تاقاقتۇر قاپقاق[2].

### ھېكايەت

بىر بەدەۋى ئەرەب مۇسۇلمانلار ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى[3] ئالدىغا كېلىپ، ئۇندىمەي ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قاشاقلىق ۋە خارلىق، گادايلىق ۋە زارلىق زاھىر ئىدى.

— ماڭا قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن ھەزرىتى ئەمىر.

بەدەۋى تىلىغا ئېلىشتىن ئۇيالغان «قاشاقمەن» دېگەن سۆزنى يەرگە يازدى.

ھەزرىتى ئەمىر ئۇنىڭغا ئىككى پارچە ماتا بەردى. ئەمىرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

بەدەۋى ئورنىدىن تۇرۇپ ماتانىڭ بىر پارچىسى بىلەن تېنىنى ئورىدى، ئىككىنچىسىنى

① بېشى ئۆتكەنساندا.
② قاپقاق — بۇ سۆز بۇ يەردە «ئىشىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
③ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى، تۆتىنچى خەلىپە (661 — 656)، شىئەلەرنىڭ بىرىنچى ئىمامى.

بېشىغا سەللە قىلىپ ئورىدى. ئاندىن بۇ ھالىتىگە يارىشا پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن بىرنەچچە بېيىت ئوقۇدى. ئۇ شېئىرلار ھەزرىتى ئەمىرگە تولىمۇ ياقتى. مۆمىنلەر ئەمىرى ھەسەن - ھۈسەنلەر — شاھزادىلەرنىڭ ھەققى بولغان ئۈچ دىنار ھەزرىتى ئەمىرنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇ شۇلارنىمۇ بەدەۋىگە ئىنئام قىلىۋەتتى.

بەدەۋى پۇلنى ئېلىپ:

— ئەي مۆمىنلەر ئەمىرى، مېنى ئۇرۇقۇڭدىكى ئەڭ باي كىشى قىلىپ قويدۇڭ، — دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

كەرەملىك ئەمىر دېدى:

— مەن ھەزرىتى پەيغەمبەردىن ئىشىتكەن ئىدىمكى: «ھەربىر كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ پېئىل كامالى ۋە سۆزلىرى جامالى بىلەن ئۆلچىنىدۇ».

ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس سىمۇ[1] زەر،
ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۈنەر.
نەزەر سال، دۇنيادا ھۈنەر تۇپەيلى
خوجىسىدىن قەدرى ئارتۇق كۆپ قۇللار.
قانچىلەپ خوجىلار ھۈنەرسىز بولغاچ،
قۇللىرى ئالدىدا بىئوق، بىسىپەر[2].

## ھېكايەت

جەئفەر ئوغلى ئەبدۇللاھ[3] سەپەر جەريانىدا بىر خورمىزازغا چۈشۈپ دەم ئالدى. خورمىزار قاراۋۇلى بىر زەڭگى غۇلام ئىدى. ئۇ كۈندىلىك يېمىكى ئۈچۈن ئۈچ دانە نان ئېلىپ كېلەتتى. نەدىندۇر بىر ئىت پەيدا بولۇپ قالدى. غۇلام نېنىدىن بىرنى ئۇ تاشلاپ بەرگەندى، ئىت ئۇنى ئۇپۇل - تۇپۇل يەۋەتتى؛ ئىككىنچىسىنىمۇ تاشلاپ بەرگەندى، ئۇنىمۇ يەۋەتتى؛ ئۈچىنچىسىنىمۇ تاشلاپ بەرگەندى، ئۇنىمۇ يەپ تۈگەتتى.

شۇ چاغدا ئەبدۇللاھ غۇلامغا قاراپ:

— سېنىڭ كۈندىلىك يېمىكىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلىقى كۆرگەنلىرىڭ، — دېدى قۇل.

— نېمىشقا ئۇلارنى ئىتقا تاشلاپ بېرىسەن؟ — دېدى ئەبدۇللاھ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكىم، ئۇ ئۇزاق يولدىن كەلگەن مۇساپىر، پەمىمچە ئېچىرقاپ كەتكەن، ئۇنى ئاچ قويغۇم كەلمىدى.

— ئەمدى ئۆزۈڭ نېمە يەيسەن؟

— بۈگۈن روزا تۇتىمەن، — دېدى غۇلام.

«ھەممە كىشى مېنى سېخىي دەيدۇ، ئەمما بۇ غۇلام مېنىڭدىنمۇ سېخىي ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئەبدۇللاھ. ئۇ كېيىن خورمىلىقنى ھەممە نەرسىسى ۋە قاراۋۇل قۇل بىلەن قوشۇپ سېتىۋالدى - دە، قۇلغا ئازادلىق يارلىقى پۈتكۈزۈپ، خورمىلىق باغنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.

ئاچ ئىتقا ئۆز لوقما — نېنىنى بېرىپ،
ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچەلىگەن ئىنسان.
ئۆزى قۇل تۇرۇقلۇق، كۆپ ئازادلارنى
ئۆزىگە قۇل قىلىپ ئالمىقى ئاسان.

## ھېكايەت

مەدىنە شەھىرىدە بىر ئالىم بار ئىدى. ئۇ ھەر ئىشقا قابىل ۋە ھەر بىلىمدە كامىل ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كېنىزەكلەر بازىرىغا باردى، ئۇ يەردە بىر سازەندە كېنىزەككە كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قوڭغۇراقتەك ياڭراق، ھۆسن - جامالى ئاپتاپتەك پارلاق ئىدى.

ئالىم كېنىزەك جامالىنىڭ سەۋداسى ۋە

---

① سىم — كۈمۈش تەڭگە.
② سىپەر — قالقان.
③ ئەبدۇللاھ جەئفەر ئوغلى — ھەزرىتى ئەلىنىڭ جىيەنى، مەدىنە شەھىرىدە ياشاپ، 699 - يىلى ۋاپات بولغان، رىۋايەتلەردە سېخىيلىكى بىلەن داڭلىق.

كۆي كامالىنىڭ دىۋانىسى بولدى ھەم ئۇ قىزنىڭ كۆيگە بولغان ھەۋىسى تۇپەيلى بارلىق يۈكسەك يوقلۇق سەھراسى سېرى سۈردى ۋە كۆيى ناۋاسىنىڭ كۈچىدىن روھنى ئەقىل تەڭلىكىدىن چىقىرىپ، بىھۇدىلىك كەڭلىكىگە تاپشۇردى.

ياخشى ئاۋاز بولسا، يا گۈزەل چېھرە،
ھەربىرىگە پەيدا بولۇر جانۇ دىل.
ئەگەر ئىككىلىسى بىرگە يىغىلسا،
ساھىب دىل ھالىتى بولغۇسى مۇشكۈل.

ئالىم دانالىق لىباسىنى يېشىپ تاشلاپ، ئۇچىسىغا رەسۋالىق كىيىمىنى كىيدى ۋە مەدىنىنىڭ كوچا ـ بازارلىرىدا شەرمىسار بولدى. دوستلىرى ئۇنىڭغا تەنبىھ قىلىسىمۇ ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئۇنىڭ تىلى پەقەت بىرنەرسىنى سۆزلەر، دىلى پەقەت شۇ نەرسىنى دەپ بوزلار ئىدى:

جىلۋە ئەيلەپ قىلسا قارام ئۆزىگە،
ئاشىق كىشى ئۇندىن قۇتۇلغاي قانداق؟
كىشىلەر تەنبىھى قۇلاقتا شامال،
شامالدىن ئوت ـ يالقۇن ئەۋج ئالۇر ئانداق؟

كىشىلەر شۇ ھالنى ئەبدۇللاھ جەئفەرگە سۆزلەپ بېرىشتى. ئۇ كېنىزەكنىڭ خوجىسىنى چاقىرتىپ، قىرىق مىڭ دىرھەمگە كېنىزەكنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇ ئالىمنى دىۋانە قىلغان كۆينى چېلىشنى بۇيرۇدى. كېيىن ئۇنىڭدىن:

ــ بۇنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ پالان سازەندىدىن، ــ دېدى كېنىزەك.

ئەبدۇللاھ جەئفەر خىزمەتكارلىرىغا ئۇ سازەندىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇ ئالىمنى چاقىرىپ دېدى:

ــ سېنى دىۋانە قىلغان كۆينى كېنىزەكنىڭ ئۇستازىدىن تىڭشىغۇڭ بارمۇ؟

ــ ھە.

ئەبدۇللاھ جەئفەر كېنىزەكنىڭ ئۇستازىغا ھېلىقى كۆينى ئورۇنداشنى بۇيرۇدى. ئالىم كۆينى تىڭشاپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىشتى. ئەبدۇللاھ جەئفەر بولسا: «مەن بۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدۇم» دەر ئىدى. ئۇ ئالىمنىڭ يۈزىگە گۈلاب سېپىشنى بۇيرۇدى. ئالىم ھوشىغا كەلدى.

ــ بۇ كىشىنىڭ ئۇ كېنىزەك ئىشقىدا بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمىز، ــ دېدى ئەبدۇللاھ جەئفەر.

ــ يا ئاللا، ــ دەپ ئاھ ئۇردى ئالىم، ــ سىرلىرىم ئاشكارا بوپتۇ.

ــ بۇ كۆينى كېنىزەكنىڭ ئۆزىدىن ئىشىتكىڭ بارمۇ؟

ــ كۆردۈڭغۇ، بۇنى باشقا كىشىدىن ئىشىتىپ شۇ ھالغا چۈشتۈم، ــ جاۋاب بەردى ئالىم، ــ ئەگەر ئۇ كۆينى ئۆز مەشۇقۇمدىن ئىشىتسەم ھالىم نە بولۇر؟!

ــ ئۇنى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئالىم يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دېدىڭ: «دىلۇ جانىڭنى ئالغاننى تويۇنسەنمۇ؟»
ئالەمدە ئۇندىن ئۆزگە ھېچ كىشىنى تونۇرمەنمۇ؟

ئەبدۇللاھ جەئفەر كېنىزەكنى ئېلىپ چىقىپ، ئالىمغا تاپشۇرۇشقا پەرمان قىلدى ۋە دېدى:

ــ مانا بۇ سېنىڭكى، مەن ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنىمۇ سالغىنىم يوق.

ئالىم ئەبدۇللاھنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى ۋە دېدى:

كەرەم قىلدىڭ، يۈزۈمگە سۇ يۈگۈردى،
ۋىسال كەلدى، پىراق ـ قايغۇ يۈگۈردى.

غېمىم قوغلاپ قارار، سەۋرىم كەتكۈزدۈك،
شور ياش تىنىپ، كۆزگە ئۇيقۇ يوگۇردى.

### ھېكايەت

بىر كۈنى كېچىسى مىسىر مەسچىتى كۆيۈپ كېتىپتۇ. مۇسۇلمانلار بۇ ئىشنى نەسارالاردىن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇشقا باشلاپتۇ. مىسىر سۇلتانى ئوت قويغۇچىلاردىن بىرنەچچىسىنى تۇتتۇۋاپتۇ - دە، بىر جايغا يىغىپ، ئۇلار قانچە كىشى بولسا، شۇنچە چەك تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ. چەكلەرگە ئۆلۈم جازاسى، قولىنى چېپىپ تاشلاش ياكى قامچىلاش جازالىرى يېزىلغان بولۇپ، كىمنىڭ چېكىگە قايسى جازا يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇ جازا بېرىلىدىكەن. چەك تارتىش باشلىنىپتۇ. بىر كىشى چەك تارتقانىكەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى چىقىپتۇ.

— مەن ئۆلۈمدىن قورقماسمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئەمما ئانام بار ئىدى، ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچكىمى يوق.

بۇ كىشىنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ چېكىگە «قامچىلاش» جازاسى يېزىلغانىكەن. ئۇ:

— مېنىڭ ئانام يوق، — دەپتۇ - دە، ئۆز چېكىنى ئۇ كىشىگە بېرىپ، ئۆزى ئۇنىڭ چېكىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ كىشىنى قەتل قىلىپتۇ، ئاۋۋالقى كىشى بولسا قامچا جازاسى بىلەن تىرىك قاپتۇ.

كۆپلەر مالىنى بېرىپ، مەردلىك قىلىدۇ،
مەردلەر جانىنى بېرىپ، مەردلىك قىلىدۇ.
بىلدىكىم، دوستىنىڭ ئېھتىياجى جان،
ئىيماي ئۆز جانىنى ئەيلىدى قۇربان.

### ھېكايەت

كىشىلەر ھاتەمدىن سوراشتى:

— ئۆزۈڭدىن سېخىيرەك بىر كىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە! — دېدى ئۇ — بىر كۈنى بىر يېتىم بالىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئون قويى بار ئىكەن. دەرھال بىر قويىنى سويۇپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ، ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. گۆشنىڭ بىر يېرى ماڭا تېتىپ كەتكەنلىكتىن، مەن: «خۇدا ھەققى، تولىمۇ لەززەتلىك ئىكەن» دېدىم.

ئۇ يىگىت تاشقىرىغا چىقىپ قويلىرىنى بىر - بىرلەپ سويۇپ، گۆشنىڭ ماڭا تېتىپ كەتكەن يېرىنى پىشۇرۇپ ئەكىرىپ ئالدىمغا قويۇۋېرىپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. تاشقىرىغا چىقىپ ئاتقا مىنمەي دەپ تۇرغىنىمدا، قورۇدا ناھايىتى كۆپ قان تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم - دە، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.

— ئۇ ھەممە قويىنى سويدى، — دېيىشتى كىشىلەر.

— نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ كايىدىم بالىغا.

— خۇداغا شۈكۈركى، مېنىڭ بىرنەرسەم ساڭا يېقىپ قاپتۇ، ئەگەر خەسىسلىك قىلغان بولسام، بۇ ئەرەب شەنىگە يامان ئىش بولار ئىدى.

— بۇنىڭ بەدىلىگە سەن نېمە بەردىڭ؟ — دەپ سوراشتى كىشىلەر.

— ئۈچ يۈز سەمەن تۆگە ۋە بەش يۈز تۇياق قوي بەردىم، — دېدى ھاتەم.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنىڭدىن ئالىي ھىممەتلىك ئىكەنسەن، — دېيىشتى كىشىلەر. ھاتەم شۇنداق جاۋاب بەردى:

— ھەيھات!... ئۇ بار - يوقىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەرگەنىدى، مەن بولسام بار نەرسەمنىڭ بىر بۆلىكىنىلا بەردىم شۇ.

ئەگەردە ئۆيىدىن چىقىرىپ بەرسە
بارۇ يوق بىر پۇچۇق نېنىنى گەدا.

يېرىم خەزىنىسىن بەرگەن پادىشاھتىن
سېخىيلىك بابىدا شۇ گەدا ئەلا.

### ھېكايەت

بىر بەدەۋى بىر ساخاۋەتلىك ئەرەب ئەمىرىنىڭ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قەسىدە يېزىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىپتۇ ۋە قەسىدىنى شۇنداق بېيىت بىلەن تۈگىتىپتۇ:

ئالقىنىدىن تۆھپە يېغىلغان قوللىرىڭ سوز مەن تەرەپ،
ئۇستىگە بۆسە[1] يېغىلغان قوللىرىڭ سوز مەن تەرەپ.

ئەمىر ئۇنىڭغا قوللىرىنى سوزۇپتۇ، بەدەۋى سۆيۈپتۇ. شۇ چاغدا ئەمىر ھەزىل قىلىپ:

— بۇرۇتلىرىڭ قوللىرىمنى تىرنىدى، — دېگەنىكەن، بەدەۋى ھازىر جاۋابلىق بىلەن:

— سېنىڭدەك ئەركەك شىر پەنجىسىگە مېنىڭدەك ئاجىز كىرپىنىڭ تىكىنىدىن نېمە زىيان يەتكەي؟ — دەپتۇ. ئەمىرگە بۇ گەپ بەك يېقىپ كېتىپتۇ ۋە:

— بۇ گېپىڭ ئوقۇغان شېئىرىڭدىنمۇ ماڭا بەك ياقتى، — دەپتۇ - دە، قەسىدىگە مىڭ دىرھەم، جاۋابقا بولسا ئۈچ مىڭ دىرھەم مۇكاپات بېرىپتۇ ...

ئەگەر دە ماختاپلا كۆككە كۆتۈرسەڭ،
ھامان سۆز قەدرىنى بىلمەيدۇ نادان.
مەدھىيە - ماختاشقا ئەتمەي ئېتىبار،
ئېگىز - پەستىن سىناپ كۆرگەي سۇخەندان.

## بەشىنچى رەۋزە

## دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بابىدا

### ھېكايەت

ئىككى دانىشمەن ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى. بىرى دېدى:

— ئىشقنىڭ خاسىيىتى ھەمىشە مېھنەت - بالادۇر ۋە ئاشىقنىڭ ھەمىشە تارتىدىغىنى مالامەت - جاپادۇر.

— يۇم ئاغزىڭنى! — دېدى ئۇنىڭغا ئىككىنچى دانىشمەن، — سەن ھېچقاچان جەڭدىن كېيىنكى سۇلھىنى كۆرمىگەنسەن. يىراق كەينىدىن ۋىسال كەيپىنى سۈرمىگەنسەن، ساپ دىل ئاشىقلاردىن لەتىفىراق كىشى ئالەمدىن تېپىلمىغاي، ئەگەر كىشى بۇ ئەندىشىدىن يىراق بولسا، ئۇنىڭدىن ئىپلاسراق كىشى بولمىغاي.

ئىشق نۇرىنىڭ جىلۋىسى مەردلەر دىلىن جامالى،
دىلى گۈزەل بولمىغان مەيىل قىلماس مۇھەببەت.
بۇنىغا ئەگەر نادانلار ھۆججەت تەلەپ قىلسىلار،
«جىنس جىنسقا ئىنتىلۇر» دېگەن سۆز ئىسپات - ھۆججەت.

### ھېكايەت

ئەبۇ بەكر سىددىق[2] خەلىپىلىك قىلىۋاتقان چېغىدا ھەمىشە مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىناتتى ۋە ئىشىكلەر ئالدىدىن كۆپ ئۆتەتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقىنىدا يىغا ئاۋازىنى ئىشىتتى. ئۆي ئىچىدە بىر ئايال بېيىت ئوقۇپ ۋە كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تۆكەر ئىدى.

ئەي چېھرىسى تولۇن ئايدىن گۈزەلىم،
ھۆسنۈڭدىن كۆكتىكى قۇياش ئۇسالىم[3].

① بۆسە — سۆيگۈ، سۆيۈش.

② ئەبۇ بەكر سىددىق [ئەبدۇللا ئىبنى ئەبۇ قەھھاق] — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپداشلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ قېيناتىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرىنچى خەلىپە «634 — 532»: «سىددىق» (دوست) نامىغا ئېرىشكەن.

③ ئۇسالىم — ئۇسال (ناچار، يارىماس، يامان، قاتتىق ئۇيالماق، خىجىل بولماق) سۆزى بولۇپ، قاپىيە يۈزىسىدىن شۇنداق ئېلىنغان. بۇ مىسرادا سۆيگىنىنىڭ ھۆسنىدىن كۆكتىكى قۇياش ئۇيىلىدۇ، مەنىسىدە كەلگەن.

لېۋىمگە تەگمەستىن پاك ئانا سۈتى،
سېنىڭ نامىڭ ئىدى تىلدا غەزەلىم.

بۇ بېيىت ئەبۇ بەكرنىڭ دىلىغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ ئىشىكنى چەكتى.

هويلا ساھىبەسى ئىشىكنى ئاچتى.

— ئازادمۇسىز ياكى چۆرىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئەبۇ بەكر ئۇنىڭدىن.

— چۆرىمەن، — دېدى ئۇ.

— بۇ بېيىتلەرنى كىمنىڭ ئىشقىدا ئوقۇدىڭىز، كۆز ياشلىرىڭىزنى كىمنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن تۆكىسىز؟

— ئەي پەيغەمبەرلەر خەلىپىسى، ئۇنىڭ جەننىتى ھەققى ئۈچۈن مېنى كەچۈرگەيسىز.

— مەن تاكى دىلىڭىز سىرىنى بىلمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەسمەن، — دېدى خەلىپە.

كېنىزەك دەردلىك دىلىدىن بىر ئازابلىق ئاھ چېكىپ، قەلبلەرگە ئوت سالدى ۋە ھاشىم ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى.

خەلىپە مەسچىتكە كېلىپ، كېنىزەكنىڭ ئىگىسىنى تاپتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېنىزەكنى سېتىۋالدى ۋە ئۇنى سۆيگىنى تامان يولغا سالدى.

ئەي دىل، ئىشق دەردى ھېچ قالماس پىنھان،
پەقەت دەردسىز كىشى سەزمەس ھېچقاچان.
دەردتىن ئۆزگە دەۋا يوق مۇھەببەتكە،
يىغلار ھەر ئۆتكۈنچى دىلىنى ئېتىپ قان.

## ھېكايەت

ھۆسنۇ جامالى مەشھۇر ۋە لۇتفۇ ناۋاسى مەنزۇر گۈزەل چېھرىلىك بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى شىپاڭدا خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ كېنىزەكنىڭ ئىشقىدا سەۋدا بولغان بىر يىگىت پەستە تۇرۇپ، كېنىزەكنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭ غەزىلىنىڭ لەززىتى باسقانىدى.

① فاسانە — ھېكايە، داستان، سەرگۈزەشت.

ھەر كىشىكى يار ئۈتىدا دىلپارە، كۆزلىرى نەملىك ئېرۇر،
يەتسە قۇلاققا يارىنىڭ ئاۋازى، گۈل بەك شادلىنۇر.

خوجايىن تۇيۇقسىز پەسكە قاراپ يىگىتنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىززەتلىدى، قىزىق ھېكايىلەردىن سۆز ئاچتى ۋە مەنىلەر جاۋاھىرىنى چاچتى.

يىگىتنىڭ خىيالىغا ھېچنېمە كىرمەس، كۆزى كېنىزەكتە، قۇلىقى خوجايىندا ئىدى. كېنىزەك نازلىنىپ قانداق سوئال سورىسۇن، يىگىت قاش ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب بېرەتتى، كېنىزەك يەنە نېمىگىدۇر سېكىلەكلىرىنى تۈگۈن قىلار، يىگىت نازۇك تەبەسسۇمى بىلەن ئۇ تۈگۈننى يېشەر ئىدى.

نە خوشلۇقتۇر ئىككى ئاشىق تېپىشسا،
رەقىبى مەيلى بىرلە دىل يېپىشسا.
قۇچاغۇ بۆسەگە ئىزدەپ باھانە،
قاشۇ كۆز بىرلە ئېيتىشسا فاسانە①.

سۆھبەت سوزۇلۇپ كەتكەنىدى، خوجايىن ھەممىگە مەلۇم سەۋەب بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. بىر - بىرىنى كۆرمەككە ئىنتىزار بولغان بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق خالىي قېلىشتى. ئىشق ئوتى يالقۇنجىدى. شۇ چاغدا كېنىزەك يىگىتكە قاراپ ئېغىز ئاچتى ۋە شۇنداق دۇرلار چاچتى:

خۇدا ھەققى، ئوچۇق ۋە پىنھان،
بارچە ئېرۇر خۇدا بەندىسى.
نەچچە كۆردۈم پەرىيۇ ئىنسان،
پەقەت سەنسەن دىلىمنىڭ ئەركىسى.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، پەرياد بىلەن دېدى:

سېنىڭ مەنزىلىڭدۇر بۇ كۆزۈ بۇ دىل،
بار گۈزەللىك سېنىڭ ھۆسنىڭدىن ھاسىل.

دىلىم ساڭا مايىل بولسا نە ئەجەب،
تاش بولمىغان ھەر دىل ساڭدۇر مايىل.

كېنىزەك يەنە دېدى:

— جاھاندا بىرلا ئارزۇيۇم باركى، ئىككىمىز ۋىسالىمىزغا يېتىشسەك ۋە لەۋلىرىمىزدىن شېرىن شەربەت ئىچىشسەك.

— مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم شۇ، — دېدى يىگىت، — ئەمما نەچارە، سېنىڭ ئىگەڭ باردۇر.

## ھېكايەت

ئابرۇيلۇق ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىدە سەلىل ئىسىملىك بىر يىگىت بار بولۇپ، ئۇ ئەدەپتە زامانىنىڭ يېگانىسى، مەرىكىلەردە مەردلەرنىڭ بىر دانىسى، توقاي شىرىغا تەڭ باققان، مەردلەر مەيدانىدا ناغرا قاققانىدى. ئۇنىڭ دىلىدا تاغىسىنىڭ قىزىغا بولغان ئىشق ئوتى، بېشىدا ھىجران سەۋداسى بار ئىدى.

ئۇ تا ئۆز مەشۇقىنىڭ جامالىنى كۆرگۈچە قانچە جاپا چەكمىدى، قانچە دەرد كۈچىتىنى دىلىغا تىكمىدى دەيسىز.

ئۇنىڭغا تېخى سۆيگىنىنىڭ جامالىغا تويماي، ۋىسال شەربىتى قاچىسىنى قولىدىن قويماي تۇرۇپ، ئۆز تۇرار جايىنى ئۆزگەرتىش، بۇ يەردىن كۆچۈپ باشقا يەردە ماكان قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالدى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئاي يۈزلۈك يارىنى كاجىۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يولغا راۋان بولدى. ئۇلار بىر كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۆركەم جايغا يېتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە چۈشكۈن قىلماق بولدى. يىگىت تۈگىسىنى چۆكتۈرۈپ كاجىۋىدىن يارىنى ئەمدىلا چۈشۈرۈشكە يىراقتىن ئوتتۇز ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يىگىت سەكرەپ تۇرۇپ قوراللىرىنى ئالدى ـ دە، ئۇلار تەرەپكە ئات سالدى. يېقىنلاشقىنىدا كۆردىكى، ئۇلار دۈشمەنلەر توپى ئىكەن. يىگىت ئۇلارغا شىردەك تاشلىنىپ جەڭ قىلدى، كۆپلىرىنىڭ ھالىنى يەر بىلەن تەڭ قىلدى، ئەمما ئۆزىگىمۇ كۆپ شىكەستە يەتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە سۆيگىنى يېنىغا كېلىپ دېدى:

ياۋ دەستىدىن ئۆلۈم يېتىشتى، ئەي يار،
كەل قايغۇلە باقاي يۈزۈڭگە بىر بار①.
قېنىڭ تۆكەي تا ياۋ تۆككۈنچە قېنىم،
ھېقىق لېۋىڭگە ياۋ تەگمىسۇن زىنھار.

قىزمۇ مۇنداق دېدى:

— خۇدا ھەققى، قېنىمنى سەن تۆكمىسەڭمۇ، مېنىڭ ئۆز قېنىمنى ئۆزۈم تۆكۈپ، سېنىڭ قېنىڭغا قوشماق ئىستىكىم بار ئىدى. ئەمما، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ قىلغىنىڭ ۋە كۆڭلۈڭدىن بۇ گۇمانىنى نېرى قىلغىنىڭ ئەۋزەل.

سەلىل ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ قوشاقنى ئېيتتى:

زالىم بۇ پەلەكنىڭ ئىشلىرىغا باق،
نە ئۇچۇن قەلبۇ تېنىم ئەيلەمىش تۇپراق.
ئىلكىمدە ئاسرىغان ھاياتىم گۈلىن
ئەمدى ئۆز قولۇمدا ئېتۇرمەن ماجاق②.

ئارقىدىن ئۇ قىزنىڭ مارجاندىنمۇ، ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىنمۇ رەشك ئەيلەپ يۈرگەن نازۇك بويۇنغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان شامنى ئۆچۈردى. ئۆزىنىڭ تۇپراقتا مىلەنگەن يۈزىنى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىدى ۋە ياۋ بىلەن ئېلىشىپ ھالاك بولدى.

سەلىل قەبىلىسىدىكىلەر بۇ مۇدھىش خەۋەرنى ئىشىتىپ، ياقا يىرتىپ، چاچ يۇلۇپ يېتىپ كېلىشتى. ھەر ئىككى جەسەتنى قەبىلە قەبرىستانىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر لەھەتكە سالدى، يەنى تۇپراققا تاپشۇردى.

مەھشەر كۈنى ئويغانسا بولمىسۇن دەپ خارۇزار،
ئىززەت بىرلە تۇپراققا تاپشۇرۇلدى ئىككىسى.

① بار — قېتىم.
② ماجاق — مىجىش.

بىر ياستۇققا باش قويۇپ يېتىشۇر يەر ئاستىدا،
ئۇندا بىر ئۇخلىسۇن، بىرگە ئويغانسۇن ئىككىسى.

## ھېكايەت

ئەشتەر ئاتلىق ئەدەپلىك ۋە ئەقىللىق بىر يىگىت باشقا بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ جەيدە ئىسىملىك گۈزەل قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرار ۋە شۇنىڭ بىلەن ئارىسىدىكى مۇھەببەت كۈچىيىپ بارار ئىدى. ئۇلار سىرلىرىنى يېقىن ـ يىراق قېرىنداشلىرىدىن يوشۇرۇپ يۈرىشەر ۋە بار كۈچىنى سىرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىغا سەرپ قىلار ئىدى. ئەمما ئېيتىدۇكى:

ئىشق سىرىنى تەرىپ ئېتىپ بولماس، بىل،
يۈز پەردىگە ئوراپ يوشۇرماق مۈشكۈل.

ئاخىر ئۇلارنىڭ سىرى كۈندۈزدەك روشەن ۋە قەلبلىرىدىكى مەخپىيەتلىكى پۈتۈن جاھان نەزىرىگە ئاشكارا بولدى. ئىككى قەبىلە ئارىسىدا ئاداۋەت تۇغۇلدى. ئادەم ئۆلۈپ، قان تۆكۈلدى. جەيدەنىڭ قەبىلىسى ئۆز جايىدىن چېدىر ـ ئوتاقلىرىنى كۆچۈرۈپ باشقا جايلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قىز، يىگىتنىڭ يىراق كۆڭلىرى ئۈزارغانسېرى ئىشق ئوتى شۇنچە يالقۇنجىغىلى تۇردى.

بىر كۈنى ئەشتەر بىر دوستىغا:

— سەن مېنىڭ جەيدەنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ، ئۇنى كۆرۈشۈمگە ياردەم بېرەلەمسەن؟ — دېدى، — ئەمدى ئارتۇق چىدالمايمەن، ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسىدا جېنىم ھەلقۇمىغا كەلدى، يورۇق كۈنلىرىم تۈنگە ئايلىنىپ كەتتى.

— باش ئۈستىگە، — دېدى دوستى، — ھەرنېمە دېسەڭ قىلىشقا، قەيەرگە دېسەڭ بېرىشقا تەييارمەن، مېنى سادىق قۇلۇم دەپ بىلگەيسەن.

ئۇلار تۆگىلىرىنى ھازىرلاپ يولغا چىقتى، بىر كېچە، ئىككى كۈندۈز يول يۈرۈشتى. كەچقۇرۇنلۇقى جەيدەلەرنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كېلىشتى. بىر تۆپىگە چىقىپ تۆگىلىرىنى باغلىدى ۋە چېدىر تىكتى.

— تۇر، — دېدى ئەشتەر دوستىغا، — ئەمدى خۇددى يوقالغان تۆگەڭنى سوراپ ـ سوراپ تاپقاندەك، جەيدەلەرنىڭ قەبىلىسى ماكانلاشقان جاينى تاپ، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمە. ئۇنى تاپالىساڭ سالىمىمنى يەتكۈز ۋە ئۇنى بىزنىڭ قەيەرگە چۈشكىنىمىزدىن خەۋەردار قىل.

ئەشتەرنىڭ دوستى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— مەن ئورنۇمدىن قوپۇپ جەيدەلەرنىڭ قەبىلىسى جايلاشقان يەرگە باردىم. ماڭا ئۇچرىغان بىرىنچى ئادەم بىر كېنىزەك ئىدى. ئۇنىڭغا ئەشتەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم ۋە ئۇنىڭدىن جەيدەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— ئەرگە بېرىشتى، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئەھۋالى يامان، ئېرى ھېچ يەرگە چىقارمايدۇ. ئەمما، سىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرىمەن، سىزلەر چۈشكەن تۆپىلىكنىڭ ئارقىسىدا بىر دەرەخلىك بار، خۇپتەن ۋاقتىدا شۇ يەردە ھازىر بولۇڭلار.

مەن تېز قايتىپ كەلدىم ۋە بۇخەۋەرنى ئەشتەرگە يەتكۈزدۈم. ئىككىمىز تۆگىلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتىلغان چاغدا دەرەخلىككە يېتىپ باردۇق.

تەلمۈرۈپ يولغا چېكىپ ئاھۇ ۋاي،
كۈتۈپ ئولتۇردۇق، قايدا خۇش چىراي؟
بىردىن قوڭغۇراقنىڭ كەلدى ئاۋازى،
يەنى: «تۇر» دېدى ئۇ، چىقتى تولۇن ئاي.

ئەشتەر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، سۆيگىنىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ۋە سالام بېرىپ، قولىغا سۆيدى. مەن ئۇلاردىن نەزىرىمنى قاچۇردۇم ۋە باشقا ياققا يۈردۈم. ئۇلار مېنى چاقىرىپ: «يېنىپ كەلگىن، بىزنىڭ سۆھبەتتىن باشقا ھېچقانداق ناشايان ئىشىمىز يوق» دېيىشتى. مەن قايتىپ كەلدىم. ئۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ۋە كەلگۈسى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشتى.

كېيىن ئەشتەر جەيدەگە:

— بۇ كېچە بۇ يەردە قېلىپ، كۆزلىرىم

ئىنتىزارلىقىنى قاندۇرغايسەن، پاراغىتىڭ ئىرىنقى بىلەن يۈزلىرىمنى ئىرىناپ، مېھرىڭ ئوتىدا قەلبىمنى ياندۇرغايسەن، — دېدى.

— خۇدا ھەققى، مەن بۇ تەلىپىڭنى ئورۇندىيالمايمەن، — دېدى جەيدە، — مېنىڭ ئۈچۈن بۇ جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ قىيىنراق ئىش يوقتۇر. سەن زامانىنىڭ يەنە ماڭا قەھرىنى چېچىپ، قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى، بالا - قازا دەرۋازىسىنىڭ ماڭا يەنە ئېچىلىشىنى ئىستەمسەن؟

— خۇداغا مىڭ قەسەمكى، سېنى قويۇۋېتەلمەيمەن ۋە ئېتىكىڭدىن قولۇمنى ئالمايمەن.

كىم كەلسە كېلىۋەرسۇن،
نە بولسا بولىۋەرسۇن !

— بۇ دوستۇڭ مەن نېمە دېسەم، شۇنى قىلىشقا ھازىرمۇ؟ — دېدى شۇ چاغدا جەيدە.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە:

— نېمە دېسەڭ، شۇنى قىلىشقا ھازىرمەن، ھەتتا بۇ يولدا جېنىم كەتسىمۇ ئەمرىڭگە ئىنتىزارمەن، — دېدىم.

ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ ماڭا ئۇزىتىپ، دېدى:

— سەن كىيىملىرىڭنى سېلىپ ماڭا بەر ئاندىن، بۇ لىباسلىرىمنى كىيىپ، مېنىڭ چېدىرىمغا بار، پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇر. ئېرىم بىر قاچا سۈت ئېلىپ كېلىپ، ساڭا: «بۇ سېنىڭ كەچلىكىڭ، ئال» دەيدۇ. سەن ئۇنى ئېلىشقا ئالدىرىما. بىرئاز ئۇندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئال. ئېرىم سۈتنى يا قولۇڭغا بېرىپ كېتىدۇ، يا يەرگە قويۇپ كېتىدۇ - دە، ئەتىسى بامداتقا ئەزان چىققۇچە قايتىپ كەلمەيدۇ.

مەن جەيدەنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا جەيدەنىڭ ئېرى بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى. مەن خېلى ئۇزۇن «ناز» قىلدىم. ئۇ سۈتنى يەرگە قويۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئالماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا قاچىغا قولۇم تېگىپ كېتىپ، سۈتنىڭ ھەممىسى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، تېخى ماڭا قول كۆتۈرگۈدەك بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە قولىنى سوزۇپ كىيىك تېرىسىدىن ئۆرۈلگەن، سېپىغا ئۇنچە قادالغان، ئۇچىدا يىرتقۇچ ھايۋان تىرنىقىدەك تۈگۈنى بار قامچىسىنى ئالدى.

يوغانلىقتا زەھەرلىك يىلان،
ئۇزۇنلۇقى ئۇزۇن ئەجدىھادەك.
يىلان رەسمىن سىزىشتۇر ئىشى،
لەۋھەسىدۇر ياپيالىڭاچ تەن.

كېيىن دۈمبەمنى يالىڭاچ قىلدى - دە، جەڭ كۈنىدىكى دۈمباقچىدەك بىر قېلىپتا زەرب بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئاۋازىمدىن تونۇپ قالمىسۇن دەپ ۋارقىراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. دۈمبەمنىڭ تېرىسى تىتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاقەت قىلالماس ئىدىم. ئورنۇمدىن چاچراپ قوپۇپ خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كېكىرتىكىنى تىلىپ، قېنىنى تۆكمەكچىمۇ بولدۇم. ئەمما، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە چوڭ غوۋغا كۆتۈرۈلسە، بۇنى بېسىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

بۇ ئىشتىن جەيدەنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسى خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگۈچە تاقەت قىلدىم. ئۇلار كېلىپ مېنى ئاجرىتىپ، ئۇنى چېدىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

بىردەمدىن كېيىن جەيدەنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى جەيدە دەپ ئويلار ئىدى... مەن يىغلاشقا باشلىدىم، نالە قىلدىم، بېشىمنى كىيىم بىلەن ئوراپ، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىۋالدىم.

— قىزىم، خۇدادىن ھېيىق، — دېدى ئۇ، — ئېرىڭگە ياقمايدىغان ئىشنى قىلما. ئېرىڭنىڭ بىر تال تۈكى مىڭ ئەشتەردىن ئارتۇقراقتۇ ئاخىر. ئەشتەرنىڭ كىم ئۇزى، سەن ئۇنى دەپ شۇنچە زەخمەت چېكىسەن ۋە بۇ ئازاب شەربەتلىرىنى ئىچىسەن.

ئارقىدىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىڭلىڭنى ئەۋەتمەن، بۇ كېچە ساڭا ھەمدەم ۋە سىرىڭغا مەھرەم بولسۇن، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن جەيدەنىڭ سىڭلىسى كېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. مېنى ئۇرغىنى ئۈچۈن يېزىنىسىنى قارغىدى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى. شۇنىڭدىن كېيىن قولۇمنى ئۈزىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدىم ۋە:

— سېنىڭ ھەدەڭ ئەشتەر بىلەن بىللە، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ ئازابلارنى تارتتىم، بۇنى سىر تۇت، بولمىسا سىلەرمۇ رەسۋا بولىسىلەر، مەنمۇ شۇ، — دېدىم.

باشتا ئۇ بەك قورقۇپ كەتتى، كېيىن قورقۇش خەيرخاھلىق بىلەن ئالماشتى. ئۇ ئەتىسى تاڭغىچە بۇ قىسسىنى قايتىلاپ كۈلۈپ - كۈلۈپ چىقتى.

تاڭ يورۇغاندا جەيدە يېنىپ كەلدى، بىزنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە:

— ۋاي، بۇ كىم يېنىڭىزدىكى؟ — دېدى.

— بۇ سىڭلىڭ، ئۇ بەك ئوبدان قىز ئىكەن.

— ئۇ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟

— ئۆزىدىن سورا، — دېدىم مەن، — ھازىر پۇرسەت يوق.

مەن ئۆز كىيىممنى كىيىپ ئەشتەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. ئىككىمىز تۆگىلىرىمىزگە مىنىپ يولغا چىقتۇق. يولدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ دۈمبەمنى ئېچىپ قامچا ئىزلىرىنى كۆردى ۋە كۆپتىن - كۆپ ئۆزرىخاھلىق قىلىپ دېدى:

— دانىشمەنلەر: «قىيىنچىلىق كۈنى دوست كېرەك، راھەت كۈنلىرىدە ئۇلار كۆپتۇر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغانىكەن.

بىل ئەگەر ناگاھان غەمگە ئۇچرىساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.

كۈلپەت كۈنى سادىق دوستلىرىڭ كېرەك،
بەختلىك كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر.

## ھېكايەت

مىڭلاپ دانالار ئىشقىدا شەيدا، تۈنۈ كۈن ئاستانىسىدە غوۋغا بولىدىغان بىر گۈزەلنىڭ چىرايى كۈن - ئايلار ئۆتۈپ، سولغۇنلۇق بالاسىغا يۈزلەندى. ئىشىك - تۈڭلۈكتىن، ھەممە ياقتىن خونۇكلۇك كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. ئاشىقلىرى ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ، بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي قويۇشتى. مەن ئۇلاردىن بىرىگە:

— ئۇ ساڭا يار بولغاننىڭ ئۆزىغۇ، شۇ قاش، شۇ كۆز، شۇ ئېغىز، شۇ لەۋ يەنىلا جايىدا، قامەتىنى دېسەڭ بورۇنقىدىن ئېگىزرەك، بەدىنى بولسا ئاۋۋالقىدىن كۆچلۈكرەك، بۇ نېمىدېگەن ۋاپاسىزلىق ۋە شەرمەندىلىك! نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە بېرىش - كېلىشنى توختاتتىڭ؟ — دېدىم.

— ھەيھات! — دېدى ئۇ، — نېمە دەۋاتىسەن؟ كۆڭلۈمنى ئالغىنى، ئەس - ھوشۇمنى ئوغرىلىغىنى ئەسلىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇد قەپىسىدىكى روھ ئىدى. ئۇنىڭ ئەزاسىنىڭ كېلىشكەنلىكى، بەدىنىنىڭ نازۇكلۇقى ۋە ئاۋازىنىڭ يۇمشاقلىقى شۇ روھتىن ئىدى. ئەمدى روھ بۇ قەپەستىن كۆچتى. مەن قانداقسىگە بۇ جانسىز تەنگە مۇھەببەت قوياي، سولغان گۈلگە قوشاق قاتاي:

باغ ئارا گۈل قالمىغاچ، مەن خارۇ خەسنى نەقىلاي؟
شاھ كېتىپ قالغان شەھەردە بىر نەپەسنى نەقىلاي؟
گەر قەپەس بولسا گۈزەللىك، تۇتىدۇر ئۇندا چىراي،
شېرىن - سۇخەن تۇتىسى ئۇچقاچ، مەن قەپەسنى نەقىلاي؟

## ھېكايەت

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر خوتۇنغا:

— ئېرىڭدىن سوراپ باق، كۆزىنىڭ ئېقى بارمىكىن؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئىشىتكەن خوتۇن قورقىنىچە

يوگۇرۇپ ئېرىننىڭ يېنىغا باردى. ئېرى ئۇنىڭ ئالاقزادە بولغىنىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، ئۇ ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئېيتتى. ئېرى دېدى:

— توغرا ئېيتىپتىغۇ، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئېقىمۇ بار، قارىسىمۇ بار، ئەمما بۇنىڭ نېمە ئەيىبى بار؟

لايىق كىشى قىلسا ھەزىل، كۆرمە ئەيىب،
يول قويۇر دائىم بۇ ئىشقا ئەقلۇدىن.
كۆڭۈل بىر كۆزگۈكى، تۇرۇر داتلىنىشىپ،
دېتى كېتىپ كۆركەملىشۇر ھەزىلدىن.

## ئالتىنچى رەۋزە

## چاقچاقلار

### ھېكايەت

بىر كۈنى خەلىپە چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتى، بىر سەھرالىق ئەرەب كىرىپ كەلدى. خەلىپە ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇرۇپلا داستىخاندىكى قورۇلغان قوزا گۆشىگە ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى. بۇنى كۆرگەن خەلىپە ئۇنىڭغا دېدى:

— بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىزلىككى، گويا بۇ قوزىنىڭ ئانىسى سېنى ئۈسكەندەك بىچارىنى سۆڭەكلىرىدىن شىلىۋەتمەكتىسەن ۋە شۇنداق كۈچەپ چاينىماقتىسەن؟

ئۇ ئەرەب بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— بۇ يېيىشلىك تائام ئىكەن، ئەمما سەن ئۇنىڭغا شۇنداق شەپقەت بىلەن باقماقتىسەن ۋە يېيىلىپ كېتىشىدىن شۇنداق تەشۋىشلەنمەكتىسەنكى، گويا ئۇنىڭ ئانىسى سېنى ئەمدۈرۈپ چوڭ قىلغاندەك.

### ھەزىل

بەھلۇلغا① دېدى:

— بەسرە دىۋانىلىرىنى ساناپ بەر.

— ئۇلار سان ـ ساناقسىز، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ئەقىللىقلىرىنى سورىسىڭىز ساناپ بېرەي، ئۇلار بىرنەچچىلا شۇ.

ئەقىللىق دەپ بىلگەن ھەربىر كىشىدە
دىۋانىلىكتىن ھەم باردۇر بىر ئەسەر.
دۇنيا تەشۋىشىدىن شۇ دىۋانىلىك
سايىسىدە پەقەت ئامانلىق تاپار.

### چاقچاق

پازىل بىر كىشى سىرداش دوستىغا مەكتۇپ يېزىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر كىشى كۆز قىرىنى سېلىپ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ھال پازىل كىشىگە مالال كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتۇپقا: «ئەگەر يېنىمدا بىر مۇتتەھەم دەيۈز خېتىمنى ئوقۇپ تۇرمىغان بولسا، ساڭا ھەممە سىرىمنى ئېيتقان بولاتتىم» دەپ يېزىپ قويدى.

— خۇدا ھەققى، مەۋلانا، — دېدى ھېلىقى كىشى، — سىلىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئوقۇغىنىم يوق.

— ئەي ئەخمەق، — دېدى پازىل كىشى، —

① بەھلۇل — ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭق چىقارغان قەلەندەر، 809 ـ يىلى ۋاپات قىلغان.

هازىر سەن نېمە دېدىڭ؟ خېتىمنى ئوقۇمىغان بولساڭ، ئۇنداقتا سېنى يازغىنىمنى قەيەردىن بىلدىڭ؟

كىم بىراۋنىڭ سىرلىرىن بىلمەكچى بولسا يوشۇرۇن،
يا ئوغرىلىق بىرلە سىر ئالسا، چىن ئوغرىدۇر ئۇ ھەم.
گەر بۇ ئىشقا ھەق تەلەپ قىلسا، يەنە بەتتەر ئىشى،
نامىنى قويسا ياراشقاي يا دەيۇز، يا مۇتتەھەم.

## چاقچاق

باغداد قازىسى مەسچىتكە پىيادە كېتىۋاتاتتى، ئالدىدىن بىر مەست چىقىپ، ئۇنى توتۇپ قالدى ـ دە:

— خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلغاي، ئەي قازىم، پىيادە يۈرۈش سىلىگە ياراشمايدۇ، — دېدى ۋە قازىنى بويىنىغا مىندۈرمىسە، «خوتۇنى تالاق بولۇش» توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ سالدى.

— ئالدىمغا كەل، ئەي مەلئۇن، — دەپ قازى ئۇنى چاقىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ گەدىنىگە مىندى. مەست بولسا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

— ئەمر قىلسىلا، تېز ماڭايمۇ، يا ئاستىمۇ؟ — دېدى.

— ئوتتۇراھال، — دېدى قازى، — لېكىن دەلدەڭشىمە، يىقىلما، باشقىلارغا كاشىلا قىلماي تام تۈۋىدىن ماڭ.

— بارىكاللا، ئەي قازىم، — دېدى مەست، — سىلى ئاتلىقلار قائىدىسىنى ئوبدان بىلىدىكەنلا.

مەست قازىنى مەسچىتكە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قازى ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى.

— خۇدا توغرا يولغا سالسۇن سىلىنى، ئەي قازىم، — دېدى مەست، — سىلىنى پىيادىلىك شەرمەندىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆزى ئات بولۇپ ئىززەت بىلەن مەسچىتكە يەتكۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ جازاسى شۇمۇ؟

قازى كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنى قويۇپ بېرىشكە پەرمان قىلدى.

ئەي ھەكىم، يول ئۈستىدە مەست چىقسا جاڭجال ئاختۇرۇپ،
تاپقايسەن ئېھتىياتكارلىق بىلەن مۇۋاپىق يولىنى.
ئۇلارچە ئاقىللار ئابرۇيى مىسالى قىلچىلىك،
جەھل ئىلە ئۈزدۈرمىگىل ئۇ مەستكە ئابرۇي قىلىنى.

## ھېكايەت

بىر مەست ئۆيىدىن چىقىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇسۇپ يېتىپ قالدى. بىر ئىت كېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى يالاشقا باشلىدى. بىراۋ مېنىڭ ئېغىز - بۇرنۇمنى تازىلاپ قويۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان مەست بولسا، پىچىرلاپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا باشلىدى:

— خۇدا سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىمۇ ساڭا شۇنداق مېھرىبان قىلسۇن...

كېيىن توساتتىن ئىت ئايىغىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە سىيىۋەتكەندە، ئۇ:

— بارىكاللا، ئەي ئاغا، يۈزۈمنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇمۇ ئېلىپ كېلىپسەن، — دېدى.

شارابنى تا ھوشدىن كەتكۈنچە ئىچىپ،
ساقال - بۇرتۇڭ ئىپلاس ئەتسەڭ بىھايا.
بۇ ناپاك بۇرتۇڭنى كۈچۈكلەر كېلىپ،
سۈيدۈك بىلەن يۇيسا ساڭا شۇ راۋا.

## چاقچاق

بىر بوزچى بىر موللامغا پۇلىنى ئامانەت قويغانىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ پۇل كېرەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. موللام سۇپىدا سەپ تارتىپ ئولتۇرغان شاگىرتلىرىغا ساۋاق بېرىۋاتاتتى.

— ئەي ئۇستاز، ئۆتكەنكى ئامانەتنى بەرسىلە بوپتىكەن، كېرەك بولۇپ قالغانىدى، — دېدى بوزچى.

— بىر دەم تۇرۇپ تۇر، دەرسىم تۈگىسۇن، — دېدى موللام.

بۆزچى كۈتۈپ ئولتۇردى، ئەمما دەرس سوزۇلۇپ كەتتى. موللامنىڭ دەرس ۋاقتىدا بېشىنى چايقاپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئىچى تىتىلداپ تۇرغان بۆزچى دەرس ئۆتۈش دېگەن باشنى چايقاش ئىكەن، دەپ ئويلىدى - دە، موللامغا:

— سىلى ئۆيلىرىگە كىرىپ ئامانىتىمنى ئېلىپ چىقسىلا، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بېشىمنى چايقاپ تۇراي، ئىشىم زورۇر ئىدى، — دېدى.

موللام بۇ گەپنى ئىشىتىپ كۈلۈپ كەتتى:

بىلىمدىن لاپ ئۇرۇر شەھەر فىقھىسى①،
ھەر ئىلمىنى بىلۇر يوشۇرۇن - ئاشكار.
ئۆزىدىن نېم سورا، قول بىلەن قىلار ئىما،
ياكى جاۋاب ئورنىغا باش ئىرغىتار.

## چاقچاق

قاراڭغۇ كېچىدە بىر قارىغۇ كىشى مۈرىسىگە بىر كوزىنى قويۇپ، بىر قولىدا چىراغ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، بىر نادان كىشى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ دېدى:

— ئەي نادان، سېنىڭ ئۈچۈن كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ پەرقى يوق، ساڭا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوخشاشلا. بۇ چىراغنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى بار؟

قارىغۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ چىراغنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ساڭا ئوخشاش دىلى كور ۋە ئەقلى كەملەر ماڭا ئۇرۇلۇپ كېتىپ، ۋە كوزامنى سۇندۇرۇپ قويمىسۇن دەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپتىمەن.

نادانلار ئەھۋالىن چۈشەنگەي بىئەقىلدىن باشقا كىم،
گەر ئىبن سىناچە بولغان چاغدا ئىلىم دانىشى.
تەنە قىلما كۆزى كورنى، ئەي ئوچۇق كۆزمەن دېگەن،
ئۆزگىلەرنى كۆرمىسىمۇ، كۆرگەي ئۇ كور ئۆز ئىشىن.

## چاقچاق

بىر گاداي بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپ سەدىقە سورىغانىدى، يىراقتىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاۋازى كەلدى:

— كەچۈرگەيسەن، ئۆيدە خوتۇنۇم يوق ئىدى.

— ماڭا خوتۇنلار سۆھبىتى ئەمەس، بىر بۇردا دان كېرەك، — دېدى گاداي.

نە بولسا ئېچچىق، كۆرسەتمە باھانە،
ئىشىكنىڭ ھالقىسىن قاققاندا گادا.
خوتۇن خەقنىڭ زىكرىن قىلغاندىن كۆرە،
بىرنېمە بەرگىنىڭ ئەۋزەل ۋە ئەلا.

## چاقچاق

بىر مۇئەللىمنىڭ ئوغلى كېسەل بولۇپ ئۆلۈمگە يۈزلەندى.

— يۇغۇچى چاقىرىڭلار، بۇنى يۇسۇن، — دېدى مۇئەللىم.

— تېخى ئۆلگىنى يوققۇ؟! — دېگەنىدى بىرى، ئۇ:

— ھېچقىسى يوق، يۇغۇچى يېتىپ كەلگۈچە ئۆلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىشتىن ئاۋۋال ئالدىراڭغۇلۇق قىلسا كىشى،
«ئالدىراڭغۇلۇق» بولغاي يۈزىگە پۈتۈك.
يا تېخى كۈن پاتماي تۇرۇپ ئاچار روزىسىن،
ياكى سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ يېشىدۇ ئۆتۈك.

## چاقچاق

بىر كىشىدىن:

— سەن چوڭمۇ يا ئۇكاڭمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

① فىقھى — شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تولۇق بىلىدىغان، شەرىئەت ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

— مەن چولاق، ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ماڭا يېتىشۋالىدۇ، — دېدى.

ئەگەر ئۆتسە ئۆمرۈڭ ھېچبىر ھوسۇلسىز،
باشقىلار ئىشىنى ساناپ تالىسەن.
ئۆزگىلەر ئۆمرىنى قىلىسەن ھېساب،
ئۆز ئۆمرۈڭ ھەم ئۆتەر، بىلمەي قالىسەن.

## چاقچاق

بىر كىشى بىراۋنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ دېدى:

— ئەجەبا، سەن مېنى تونۇمامسەن، قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىلمايسەنغۇ؟

ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:

— بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋرىم يوققۇ، — دېدى.

— ئاتام ياشلىقىدا ئاناڭغا ئەلچى كىرگۈزگەنىكەن، ئەگەر شۇ چاغدا ئاناڭ ماقۇل بولغان بولسا، سېنىڭ بىلەن مەن ئاكا - ئۇكا بولۇپ قالاسىدۇق.

— ئۇنداق بولسا، خۇدا ھەققى، بىز بىر - بىرىمىزدىن مىراس تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق قېرىنداشلاردىن ئىكەنمىزغۇ، — دېدى ئۇ.

خام تەمە كىشىلەر ھەربىر ئادەمدىن
ئېھسان ئۇندۇرمەكنى پەرز دەپ بىلىدۇ.
بۇنداق خام تەمەسى پىشىپ يەتمىسە،
كۆپ جاپا چېكىدۇ، دىل سىنقىلىدۇ.

## ھېكايەت

بىر زالىم پادىشاھنىڭ ۋاقتىدا بىر باي كىشى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ زالىمنىڭ ۋەزىرى ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ئاتىسىدىن نېمىلەر قالغىنىنى سورۇشتۇرۇپتۇ.

— مال - دۇنيادىن پالان - پالان نەرسىلەر قالدى، — دەپتۇ ئوغۇل، — ۋارىسلاردىن بولسا ئۇلۇغ ۋەزىر بىلەن مەن پەقىرۇ ھەقىر قالدۇق.

ۋەزىر كۈلۈپ كېتىپ:

— مال - دۇنيا ئىككىگە بۆلۈنسۇن، يېرىمى بۇ ئوغۇلغا بېرىلىپ، يېرىمى پادىشاھ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

زالىم ۋەزىر يېتىم ھەققى - مالىدىن
پادىشاھ ھەققىن يۇلماقتىن بىلمەس باشقىنى.
ھەممىنى ئالسا ئادالەت بىلۇر،
پەزىلەت بىلۇر ئالسا يېرىمىنى.

## چاقچاق

بىر كىش بىر دوكتىن:

— سەن خۇدايتائالادىن دۈمبەڭنى تۈپتۈز قىلىپ قويۇشنى تىلىمەسەن ياكى باشقىلارنىڭ دۈمبىسىنى سېنىڭكىدەك دۈمچەك قىلىپ قويۇشنى تىلەمسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، دوك:

— مەن خۇدادىن باشقىلارنى ماڭا ئوخشاش دۈمچەك قىلىپ قويۇشنى تىلەيمەنكى، ئۇلار ھازىر ماڭا قانداق كۆز بىلەن قارىسا، مەنمۇ ئۇلارغا شۇنداق نەزەر تاشلاي! — دەپ جاۋاب بەردى.

قۇتۇلۇپ سەن غەم ھەم تەنە قىلغان ئەيىبتىن،
ئۈلتۈرساڭ پاپپاكىز نەقەدەر ياخشى.
تېخىمۇ ياخشىراق سېنىڭ نۇقسانىڭ
دۈشمىنىڭگە ئۆتسە بولۇپ دىل نەقىشى.

## چاقچاق

بىر كىشى «جوھا① ئون دىرھەم قەرزىمنى بەرمەيۋاتىدۇ» دېگەن دەۋا بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا

① جوھا — كىچىك - كىچىك لەتىپە - يۇمۇرلار قەھرىمانى. باشتا ئەرەب ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا پەيدا بولۇپ، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىغىمۇ ئۆتكەن.

كەلدى. قازى ئۇنىڭدىن:
— ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يوق.
— بولمىسا، ئۇ قەسەم ئىچسۇنمۇ؟
— ئۇنىڭ قەسىمىنىڭ تايىنى بارمىدى؟

ھەر قەدەمدە ئىچەر يۈز قەسەم يالغان،
گويا چۆلدە ئەرەب ئىچكەندەك ئايران.

گەپكە جۇھا ئارىلىشىپ دېدى:
— ئەي مۇسۇلمانلار قازىسى، بىزنىڭ مەھەللىدە تەقۋادار بىر ئىمام بار، شۇنى چاقىرغايلا. مېنىڭ ئورنۇمدا شۇ قەسەم ئىچىپ بەرسۇن، تاكى بۇ كىشى مەندىن رازى بولسۇن.

## چاقچاق

بىر ئەرەب تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ: «كىمكى تۆگەمنى تېپىپ بەرسە، ئىككى تۆگىلىك مال بېرىمەن» دەپ جار سالىپتۇ.
— ھاي - ھاي، — دېيىشىپتۇ كىشىلەر، — بىر ئادەتتىكى تۆگىگە ئىككى تۆگىلىك مال ۋەدە قىلغىنىڭ قىزىققۇ!
— جىم، — دەپتۇ ئۇ، — سىزلەر يوقالغان نەرسىنى تېپىۋېلىش خۇشاللىقىنى ھېچقاچان بېشىڭىزلاردىن كەچۈرمىگەن، قولدىن كەتكەن نەرسىگە قايتا ئىگە بولۇش لەززىتىنى تېتىپ كۆرمىگەن ئوخشايسىزلەر.

يوقالغان نەرسە گەر كىچىك بولسىمۇ،
ھېچ دېمەڭ: «ئەزدىمە، بارمۇ قىممىتى؟»
زەرشۇناس[1] كىشىلەر بىلۇر قەدرىنى،
تاپقىنىڭدىن ئارتۇق تاپماق لەززىتى.

## ھېكايەت

بىر تېۋىپ ھەر قېتىم گۆرستان يېنىدىن ئۆتسە يا گۆرستانغا بارسا، يۈزىگە چىملىدىق تارتىۋالىدىكەن. بىر كىشى تېۋىپتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
— بۇ گۆرستاندا ياتقان ئۆلۈكلەردىن ئۇيىلىمەن، چۈنكى بۇ يەردە كىمنىڭ يېنىدىن ئۆتمەي، ئۇ يا مېنىڭ زىيانكەشلىكىمگە ئۇچرىغان، يا مېنىڭ شەربىتىمنى ئىچىپ ئۆلگەن كىشىدۇر.

ئەي كېسەلگە داۋا قىلماي بولغان ھەلەك،
ھەر چامدىمىڭ نەق ئۆلۈمدىن بېرۇر دېرەك.
ئەجەل كەلسە، ئەزرائىلنى قىلدىڭ ئازاد
جان ئېلىشنىڭ جاپاسىدىن، ئۆزۈڭ ھەلەق.

سەندىن تانار تېبابەتنىڭ بازارى،
سەندىن ئارتىپ بارار بىمار ئازارى.
ئەمما خۇدا ھەققى سەندىن يېشىلۇر
يۇغۇچى، كېپەندۇز، گۆركار خۇمارى.

## چاقچاق

خۇددى بىر دانىشمەن ئېيتقىنىدەك: «چالا تېۋىپ ھەممىگە بالا، مىسالى ۋابا!»

[1] زەرشۇناس — بىرەر نەرسىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى.

ئەي، تىب ئىلمىدىن خەۋەرسىز تېۋىپ،
خالايىققا ئۆزۈڭ ۋاباسەن، ۋابا.
نەپرەتلىنىش سەندىن نە ئەجەبتۇركى،
ۋابا ئۈچۈن نەپرەت ئەلۋ ئىپسىل دۇئا.

## چاقچاق

ئىككى شائىر بىر داستىخاندا ئولتۇراتتى، ناھايىتى قىزىق ھالۋا ئېلىپ كېلىشتى.

— بۇ ھالۋا جەھەننەمدە سەن ئۈچۈن قايناق سۇدىنمۇ قىزىق ئىكەن، — دېدى بىرى ئىككىنچىسىگە.

— شۇنداق، — دېدى ئىككىنچىسى، — ئۆز شېئىرلىرىڭدىن بىر بېيىت ئوقۇپ، دەم سېلىپ قويساڭ، جەھەننەم مۇزدەك سوۋۇيدۇ، ئۇ چاغدا سەنمۇ تىنچىيسەن، باشقىلارغىمۇ پايداڭ تېگىدۇ.

سوغۇق شېئىرلىرىڭ بىر مىسراسىنى
دوزاخ ئىشكىگە ئاستۇرۇپ قويساڭ،
جەھەننەم ئوتلىرى ئۈچەر بىر دەمدە،
دوزاخ مۇزلاپ قالار مىسالى خەرسەڭ①.

## چاقچاق

ساھىب ئەبباد② ھۇزۇرىغا بىر شائىر كېلىپ قەسىدە ئوقۇدى. ئۇنىڭ ھەربىر بېيىتى ئۆزگە بىر دىۋاندىن، ھەر مەنىسى باشقا بىر سۇخەنداندىن ئىدى.

— ئاجايىپ بىر كارۋان يېتىلەپ كەپسەن، — دېدى ساھىب، — ئەگەر تۆگىلەرنى يېشىۋەتسەڭ، ھەربىرى ئۆز توپىغا كېتىدۇ ـ دە، سېنىڭ كارۋىنىڭدا ھېچنېمە قالمايدۇ.

كېچە دەۋا قىلىپ ماڭا دېگەنتىڭ:
«مېنىڭ شېئىرلىرىم ھەسەلدىن شېرىن»
دىۋانىڭغا بېقىپ شۇنى كۆردۇمكى،
ھەر يەردىن يىغىپسەن ئۇنىڭ بېيىتلىرىن.
ھەربىر بېيىتى كەتسە ئەگەر جايىغا،
قۇرۇق قەغەز قالۇر، قۇپقۇرۇق زېمىن.

## چاقچاق

شائىر فەرەزدەق③ بەسرە ھۆكۈمدارى خالىد نامىغا قەسىدە يېزىپ، ئۇنى مەدھىيىلىدى، ئەمما ئۇنىڭغا كۆتكىنىدەك مۇكاپات تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى بېيىتنى يېزىپ، خالىدنى مەسخىرە قىلدى:

كۆردۈمكى، سىرتى ئەجەب گۈزەل بىر ساراي،
قەلبىمدىن ئۇنىڭ ئىگىسى ئالدى بىر جاي.
ئەمما ساراي ئىچرە بىلمەپتىمەن نە بار،
شېئىرىمنى بۇلغىدى قارا لاتقا ـ لاي.

بۇ رۇبائىي خالىدقا يەتتى. ئۇ شائىرغا ئون مىڭ دىرھەم پۇل ۋە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: «بۇ پۇللارنى ئىچىڭدىن چىقىپ، تېشىڭنى بۇلغىغان نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىشكە سەرپ قىلغايسەن!» دەپ يېزىلغانىدى.

ئەجەبلەنمە قىلسا ئېھسان ماختالغان كىشى،
مەدداھىغا ھېچبىر كىشى يامان سۆز دېمەس.

① خەرسەڭ — تاش، قورام تاش.
② ساھىب ئەبباد — 938 — 995 ـ يىللىرى ياشىغان، ئەرەب ئەدەبىياتىدا سەج (قاپىيىلىك نەسر) ئۇستازلىرىدىن بىرى.
③ فەرەزدەق — 641 — 732 ـ يىللاردا ياشىغان ئەرەب شائىرى، ئۇ ساتىرىك قەسىدىلىرى ۋە ھازىر جاۋابلىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

دېڭىزدىن سوۋغا قىلىپ بىرنەچچە تامچا،
خاتىرىدىن يامانلىقنى يۇيالىسا، بەس.

## چاقچاق

بىر شائىر تېۋىپ ئالدىغا كېلىپ ھەسرەت چەكتى:

— بىرنەرسە دىلىمغا كىرىۋېلىپ، تۈگۈن بولۇپ قالدى، مېنى بەك بىئارام قىلماقتا. ئۇنىڭ تۇپەيلى ئىچىم سىقىلىپ، پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

تېۋىپ ناھايىتى زېرەك كىشى ئىدى، دېدى:

— تېخى ھېچكىمگە ئوقۇپ بەرمىگەن شېئىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، — دېدى شائىر.

— ئوقۇڭ !

شائىر ئوقۇپ بەردى.

— يەنە بىر قېتىم ئوقۇڭ، — دېدى تېۋىپ.

شائىر ئۇ شېئىرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى.

— ئەمدى كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى تېۋىپ، — كېسەلدىن قۇتۇلدىڭىز. دىلىڭىزدا تۈگۈن بولۇپ، سىزنى قىيناپ ياتقان نەرسە شۇ شېئىرىڭىز ئىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى تۇپەيلى سىزگە كېسەل تېگىپتۇ. ئەمدى ئۇنى دىلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، كېسەلدىن خالاس بولدىڭىز.

شېئىر ئەمەس بۇ ئالىم كىشى ئوقۇسا،
دېيۈركى: «بۇ مەنىسىز، مەززىسىز ئاق ـ ئەك».
قىزىتماق ئۈچۈن ئەگەر بىمارغا بەرسە،
تۇتار ئىدى ئۇنىڭ بەدىنىنى بەزگەك.

## چاقچاق

بىر ۋائىز مۇنبەردە تۇرۇپ ناھايىتى تېتىقسىز شېئىردىن بەشنى ئوقۇدى ۋە ماختىنىپ دېدى:

— خۇدا ھەققى، مەن بۇ شېئىرلارنى ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ ئىجاد قىلدىم.

شۇ يەردە ھازىر كىشىلەردىن بىرسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— ئۇنىڭ ناماز ئۈستىدە ئىجاد قىلغان شېئىرلىرى بۇنچىلىك تېتىقسىز بولسا، شۇ چاغدىكى نامىزى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمىگۈدەك.

## مەنزۇمە①

بىر شائىر ئوقۇدى تېتىقسىز غەزەل،
دېدىكىم: «ئېلىپسىز يازدىم، بۇ ئەلا».
دېدىمكى: «ئەڭ يۈكسەك سەنئەت بولۇردى،
شېئىرىڭ سۆزلىرى بولمىسا ئەسلا».

كېچە بىر مەتلەئىنى② كېرىلىپ ئوقۇپ،
دېدىڭ: «بۇ ئۈنچىلەر كانى — دېڭىزغۇ!»
«بىر دېڭىزغا قانداق قانائەت قىلدىڭ،
شېئىرىڭ ھەر مىسراسى بىر دېڭىزغۇ؟»

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

① مەنزۇمە — شېئىرىي ئەسەر؛ نەزم بىلەن يېزىلغان ئەسەر.
② مەتلە: — غەزەل ياكى قەسىدىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىلىنىدىغان بىرىنچى بېيىتى، باشلىنىش.

# قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئۇقۇملارغا تارىخىي ـ ئىجتىمائىي نۇقتىدىن نەزەر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھالقىما پەن خاراكتېرىگە ئىگە ئالاھىدە ئىلىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئۆزلۈك ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئاڭ ھەم ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىنى پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ بىرلەشمە كۆزى بىلەن تەكشۈرىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. يۇقىرىقى ساھەلەر ھەربىر مىللەتتە ئۆزگىچە شەكىل ۋە مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلەنگەچكە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تۈرلۈك ئامىللارنى تەتقىق قىلىدىغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ.

قاراخانىيلار (مىلادىيە 870 ـ 1212) سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدا ئالاھىدە تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرغان سۇلالە بولۇپ، «كۆلىمى ناھايىتى زور، مەدەنىيىتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا، يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغان ھەم ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن بىر خانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»①.

«قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ۋە فېئوداللىزمنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىن ئوتتۇرا باسقۇچتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتكە ئۆتكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن كۇشان خانلىقى، ئېفتالىتلار خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا ئوخشاش خانلىقلاردا ياشىغان باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىيلىشىش ۋە قايتا تۈركىيلىشىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى، بۇ خىل تۈركىيلىشىش جەريانى تەبىئىي ھالدا كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلىشىشقا شەرت ھازىرلىغانىدى»②.

روشەنكى، بۇ ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ناھايىتى چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇپ، دەل ئەينى دەۋردىكى

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 643 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، بېيجىڭ.
② ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ توم، 244 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى.

چوڭ ئىجتىمائىي بۆرۈلۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئادەتتە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىز بۇنى ئۇنۇملۇك كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى شەخس، توپلام (ئېتنىك گۇرۇپپا)، جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي فورمىسى، تۈزۈم قاتارلىق ئامىللارنى بىرلىك قىلىمىز. بۇ يەردىكى شەخسىي بىرلىك پوزىتسىيە، نۇقتىئىنەزەر، ئارزۇ ۋە تۇرتكىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ توپلام دېگىنىمىزدە، كىشىلەرنىڭ ئالاقە يوسۇنلىرى، ئۆيۈشۈش كۈچى ۋە ھالىتى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ تەشكىلىي فورما دېگىنىمىزدە، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇشۇش شەكلى، تەبىقە، تەبىقىلەر ئارا مۇناسىۋەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ تۈزۈم دېگىنىمىزدە، جەمئىيەتكە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي سىستېما كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئادەتتە، نىكاھ ۋە ئائىلە شەكلى، تەربىيە شەكلى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىز چوڭ بىر ئىجتىمائىي بۆرۈلۈش دېگىنىمىزدە، يۇقىرىقى قاتلاملار بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ھالقىلىق كۆچۈشنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. دېمەك، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار جەمئىيەت تۈزۈمى، سىياسىي، ئىدېئولوگىيە، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلار، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ژانىر ۋە ئىستېتىك غايە جەھەتتىن تامامەن يېڭى بولغان بىر ھالەتكە كۆچتى. بۇ ھەقتە تۈركىيىلىك تەتقىقاتچى رىشات گەنج مەخسۇس تەتقىقاتلارنى يۈرگۈزدى ھەمدە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋەزىپە - مەجبۇرىيەتلىرى، سۈپەتلىرى، ئوردا تەشكىلىدىكى خاقان، ۋەزىر، خاس ھاجىپ، پۈتۈكچىدىن تارتىپ ساراي خىزمەتچىلىرىگە قەدەر توختالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلى توغرىسىدىمۇ توختالدى[①]. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى لاڭ يىڭ خانىم «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى غەرب - شەرق مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا بۇ ئەسەردىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەققىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن[②]. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن روبېرت دانكوف مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە ئەسەرگە تەسىر كۆرسەتكەن يۇنان، ئىران، ئىسلام ئامىللىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان[③]. تۈركىيىلىك ئالىم فۇئاد كۆپرۈلۈ ئۆزىنىڭ 1926 - يىلى يازغان «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تەسىر نۇقتىلىرى ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە بۇ خانلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەدەبىي ژانىرلار ھەققىدىمۇ مەلۇماتلارنى بەرگەن[④].

يۇقىرىقى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى بىردەك ھالدا قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى چوڭ بۆرۈلۈش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سىياسىي،

---

① رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى، ئۈرۈمچى.
② لاڭ يىڭ: «قۇتادغۇ بىلىك ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى.
③ روبېرت دانكوف: «قۇتادغۇ بىلىك، ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 - يىللىق 6 - سان، ئەكبەر ئەمەت تەرجىمىسى.
④ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 1981 - يىلى، 6 - نەشرى.

دىنىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلارنى يورۇتىدۇ. جەمئىيەتشۇناس ستېۋېن ۋاگو (Steven Vago) ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» ناملىق كىتابىدا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق نۇقتىلار بويىچە چۈشەندۈرىدۇ: تېخنىكا، ئىدېئولوگىيە، رىقابەت، توقۇنۇش، سىياسىي، ئىقتىساد، يەر شارىلىشىش، قۇرۇلما جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ بېسىمى ۋە باشقىلار. ئەلۋەتتە، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا رول ئوينىشى ناتايىن، بۇلاردىن بىرقانچە ياكى بىر - ئىككى نۇقتىلىق ئامىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر ئامىللارنى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە مۇنداق تەتبىقلاش مۇمكىن:

مىلادىيە 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوردا ئىچىدىكى زىددىيەت، تەبىئىي ئاپەت ۋە سىرتقى ھۇجۇملار تۈپەيلى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئالتاي تاغلىرى، يەتتىسۇ، سىر ۋە تالاس دەريالىرى ۋادىلىرىغا كۆچۈپ، شۇ يەردىكى قارلۇق خانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كۆچى بارغانسېرى زورىيىپ ئاخىرى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەيدۇ. مانا بۇ سىياسىينى نېگىز قىلغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىدى. ھوقۇق ۋە قارشىلىق تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئورخۇن بويلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلەشكەن ھالدا قۇرۇپ چىققان بۇ يېڭى ھاكىمىيەت ئالدى بىلەن سىياسىينى، ئاندىن ئىقتىسادنى بەلگە قىلدى. بۇ مىسلىسىز بۇرۇلۇش كېيىنچە ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ باشقا يانداش ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا رول ئوينىشىغا شەرت ھازىرلىدى. ئۇيغۇرلار بارا - بارا مۇقىم ئولتۇراقلىششقا يۈزلەندى، ئات مەدەنىيىتى بوزقىر مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىردى، چارۋىچىلىق مۇقىم بولغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ قېلىپىغا ئايلاندى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قاتارلىقلارنى ئالامەت قىلغان سىياسىي - ئىقتىسادىي بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئېشىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، قاراخانىيلاردا غايەت زور ئىدېئولوگىيە بۇرۇلۇشى يۈز بەردى: قەشقەرگە سودىگەر سۈپىتىدە كەلگەن سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىي خان جەمەتى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتتى؛ قاراخانىيلار شاھزادىسى سۇتۇق تېگىن ئىسلام دىنىنى دەسلەپكى قەدەمدە مەخپىي قوبۇل قىلىپ، 932 - يىللىرى ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى يەتتىسۇ رايونىغا، خوتەن، چەرچەن، كۇچا قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. نەتىجىدە قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىكى باشقا ئىككى تۈركىي خانلىق — غەزنەۋىلەر ۋە سەلجۇقىيلارغا يانداش بولغان ئۈچىنچى ئىسلامىي ھاكىمىيەت بولۇپ قالدى. ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىشى جەمئىيەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، سۆز ۋە پائالىيەتنىڭ مىزانى، جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى مەدەنىيەت ئاساسى قاتارلىق جەھەتلەردە كەسكىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئىسلام بىردىنبىر ياراتقۇچىنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزگەن پەرزلىرى، شۇنداقلا پەيغەمبەرنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتتىكى ئۈلگىلىك ئەنئەنىلىرى (سۈننەتلەر) ئاساسىدىكى تەتبىقىي ھاياتتىن ئىبارەت. ياراتقۇچى تەرىپىدىن بەندىلەرگە بېرىلگەن تۇنجى بۇيرۇق «ئوقۇ، سېنى ياراتقۇچى زاتىنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ!» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىنسانلار بىلەن ياراتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ ئىچچام سەمەرىسى ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم

بولىدۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبەنى توغرا تونۇسا، مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى مەرىپەتنى تاپقان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تىرىكچىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق بىلىش ھەرىكىتى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئامىللارغا ئايلىنالايدۇ.

ئىسلام پەلسەپىسىدە «تەۋھىد» دەپ بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئالەم، ئادەم، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن تەڭداشسىز ھەم ئەبەدىي بولغان ئاللاغا سېغىنىدۇ ھەم ئۇ خۇدا بېكىتكەن قانۇننىڭ ئىچىدە بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

بىز دۇنيا قاراشنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئىسلام دۇنيا قارىشىنىڭ قاراخانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى چۈشەنمىسەك بولمايدۇ.

مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام دۇنيا قارىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دۇنيا قارىشى ئالدى بىلەن ئاللانى تونۇش، ئاندىن دۇنيادىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئاللانىڭ زېمىندىكى ۋاكالەتچىسى بولغان ئادەمگە ئەزەل ئىسلام دۇنيا قارىشى مۇكەممەل بىلىش پرىنسىپىنى بەخش ئەتتى. ئىسلام دۇنيا قارىشى ئاخىر ئاللانىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىشتۇر. ئىسلام دۇنيا قارىشى بارلىق شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىشنى، ئەزەل ۋە ئاخىرنى، ھازىر ۋە كېلەچەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[①].

ئىسلام دۇنيا قارىشىدىكى ئاللانىڭ سىيماسى قانداقتۇر مۇئەييەن شەكىل، قىياپەت، تۇرق ــ ھالەتكە مۇجەسسەملەنگەن كونكرېت سىيما ئەمەس. ئىسلام دىنى بۇ جەھەتتە بارلىق ئىپتىدائىي دىنلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان شامان، مانى، بۇددا دىنلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىسلام دۇنيا قارىشىدا ئادەم ئاللا بەرگەن روھىي ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئارقىلىق ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشۇ خىل ئەزەلىي مەۋجۇتلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ.

قاراخانىيلار گەرچە تىل، مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئەنئەنىسى جەھەتتىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى خاندانلىق دەۋرىگە ۋارىسلىق قىلسىمۇ، دىنىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئۆزۈل ــ كېسىل ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ قاراخانىيلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ــ قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن بىر سېلىشتۇرما بولدى، چۈنكى قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا بۇددا ئېتىقادىدا تۇرۇۋاتقانىدى.

ئىدېئولوگىيە كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە، تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ھەتتا ئۆزلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قوماندانلىق قىلىدىغان نازۇك ھەم مۇرەككەپ سىستېما بولغاچقا، دۆلەتنىڭ قانۇن ــ ياساقلىرى ۋە قۇرۇلمىسىدا بىۋاسىتە ئەكس ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئەدەبىيات ــ سەنئەتكىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە تارىخ ئاسمىنىدا نۇر چاچقان بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي يېڭى ئىدېئولوگىيە بولغان ئىسلامنىڭ سادىق مۇخلىسى سۈپىتىدە بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارىتا روشەن مەيدان قارىشى ئىپادىلەنگەن قوشاقلارنى ۋە ئايرىم قىستۇرما بايانلارنى بېرىپ ئۆتىدۇ. تۆۋەندىكىسى پەقەت ئۇلاردىن بىر مىسال:

① مۇھەممەد قۇتۇب: «ئىسلام سەنئىتى ئۇسلۇبى»، خەنزۇچە، جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ــ يىلى، بېيجىڭ.

كەلدى ماڭا تات،
ئېتىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس، بۆرى①.

( يەشمىسى: ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ قۇش، بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ، ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋەتتىم.)

مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۇقىرىقى قوشاقتىكى «تات» دېگەن سۆز مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىكەن. بۇ قوشاق ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭ قوشاقلىرىدىن قالمىش بىر پارچە بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشنى ھەمدە بۇ توقۇنۇشنىڭ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كەسكىنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىسلامىيەتتە ياراتقۇچى بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تونۇش مۇناسىۋىتى ھەل بولغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەش ئەمەل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە كونكرېتلاشتۇرىدۇ. بۇ ئەمەللەر ئىنساننى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ھەر زامان مۇستەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ؛ مەزكۇر بەش ئەمەل مۇنۇلار: ئاللاغا ئىمان ئېيتىش، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش.

بۇ بەش ئەمەلنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى ۋە مەزمۇنلىرى بىلەن تونۇشساق شۇنى ھېس قىلىمىزكى، بۇ بەش ئەمەل ئادەملەرنى ياراتقۇچىغا روھىي جەھەتتىنلا ئەمەس بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پۈتۈن ئىش - ھەرىكەت، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت جەھەتتىنمۇ باغلاپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىز بىزنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىدېئولوگىيە ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسلىرى ۋە ئىقتىساد بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئىقتىسادىي بازىسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلام بويىچە شەرھلەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان، تامامەن مۇقەررەر بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ھەمدە مۇئەييەن قانۇن ۋە سىياسىيغا ئاساسلانغان ئۈستقۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتتىن تەركىبلەنگەن ماددىي ئاساسنى كۆرسىتىدۇ، ئۈسقۇرۇلما بولسا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىدىكى ھەرخىل تۈزۈم، ئىشەنچ - ئېتىقاد، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر، ئىدىيە فورمىسى، دۇنيا قاراش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئۈستقۇرۇلمىمۇ ئىككى قاتلامدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ: بىرى، سىياسىي ۋە قانۇنىي تۈزۈلمە؛ يەنە بىرى،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى، 51 - بەت.

ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىسى، مەسىلەن، پەلسەپە، دىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەنلەردەك. بۇ يەردە ئەدەبىيات بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مۇناسىۋىتى ۋاستىلىك ھالدا قانۇن، سىياسىي قاتارلىق ھالقىلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ①.

غەرب دۇنياسىدا زور تەسىرگە ئىگە يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس بولۇپ، ئۇ ئىدېئولوگىيە بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگىچە بىر نۇقتىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ماكس ۋېبېر (Max Weber، 1920 ــ 1864) بولۇپ، غەرب دۇنياسىدىكى كاپىتالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەندۈرۈشلىرى كارل ماركسنىڭ مېتودىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، ئەكسىچە، ئۇ ماركسقا قارىتا تەنقىدىي يول تۇتقانىدى. ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىقتىسادىي ئامىل ھەقىقەتەن مۇھىم، لېكىن قىممەت قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەسىر كۈچىمۇ ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئادەمدىكى ئىدىيە، ئېتىقاد شۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، جەمئىيەتنىڭ بۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن نۇقتىلىق تۈرتكىلەرمۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. ۋېبېر جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىكى دىن ھادىسىلىرىنى، شۇنداقلا غەرب جەمئىيىتىدىكى دىنىي ئىسلاھاتلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە كاپىتالىزمنىڭ غەرب دۇنياسىدا بارلىققا كېلىشىدە ئۇنىڭ خرىستىئان ئەقىدىسى؛ جۈملىدىن پروتېستانت دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە بۇ مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان «پروتېستانت دىنى ۋە كاپىتالىزم روھى» دېگەن ئەسىرىدە تەپسىلىي شەرھلەيدۇ②.

بىز كارل ماركس ۋە ماكس ۋېبېردىن ئىبارەت بۇ ئىككى يىرىك جەمئىيەتشۇناسنىڭ قارىشىدىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن ئىسلامىيەت ئەقىدىسى ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ئىچكى باغلىنىشنى ھەم بۇ باغلىنىشلارنىڭ ئۆزئارا دىئالېكتىك تەسىر قۇرۇلمىسىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلمىي رەۋىشتە چۈشىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن نەزەرىيىۋى ئاساسلارغا ئىگە بولىمىز.

تارىخشۇناسلار بىردەك ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى قىسمەن تارقاق ھالدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مۇستەھكەم، سىستېمىلىق دۆلەت قانۇنى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، مۇكەممەل، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي گەۋدىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. تەبىئەتنىڭ رايى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە كۆپرەك باغلانغان ناتۇرال ئىگىلىك بىرقەدەر مۇنتىزىم ئەسلىھەلەرگە ئىگە يېزا ئىگىلىكىگە ئايلىنىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئىزچىل، مۇقىم رەۋىشتە گۈللىنىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلاندى. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش نىزاملىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان بولسىمۇ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تەركىبلىرى داۋاملاشتى. بۇ ھەقتە تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئەرەبىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى

① تولۇڭ چىڭبىڭ: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكى»، خەنزۇچە 4 ـ باب، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 10 ـ نەشرى.
② ئانتونى جىددىنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، خەنزۇچە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ نەشرى.

ئېتىقادلىرىمۇ سىڭىپ كىرگەنىدى»[1].

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىسلام دىنى ئومۇميۈزلۈك دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت تەرتىپلىرى ئىسلامنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە بۇرۇنقى ئۇيغۇر ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئورنىتىپ چىقىلدى. شۇنداقتىمۇ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي ئالماشتۇرۇش شەكىللىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى، ناخشا ـ مۇزىكىلىرى يەنىلا ساپ مىللىي قىياپەتتە داۋام ئەتتى.

تىل جەھەتتىن ئالغاندا، مەزكۇر رايوندا غوللۇق ئورۇندىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكىلەر بىلەن ئىران تىلى سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، خەن ـ زاڭ تىلى سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلار بىرگە ياشايتتى. بۇ ئاز سانلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ تىللىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تۈركىي تىل شاۋقۇنى ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى. تۈركىي تىل ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىللىق سالاھىيىتىنى ئىزچىل ساقلاش بىلەن بىرگە قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، بۇ تىلدا جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ تىل تارىخ كىتابلىرىدا «خاقانىيە تىلى»، «قەشقەر تىلى»[2] دەپ ئاتالدى.

قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى بىلەن دەۋرداش ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سەلجۇقىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر پارس مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىسى قىلدى. قاراخانىيلار بۇ ئىككى تارىخىي قېرىنداشلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا ساپ تۈركىي ۋە تۈركىيانە ئىجتىمائىي يوسۇنلارنى ئىسلامىي ئاتموسفېرادا تېپىكلەشتۈرۈپ داۋاملاشتۇردى. بۇ دەۋردە بالاساغۇن، قەشقەر، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەر قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلاندى. مەسچىت، مەدرىسە، سارايلار كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ، مۇدەررىس، ئالىم، تېۋىپ ۋە شائىرلارنىڭ ئىلمىي ئەنجۇمەنلىرى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك روناق تېپىشىنىڭ مەپتۇنكار مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

ساچىيە مەدرىسى قەشقەردە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان، يۇقىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر بىلىم يۇرتى بولۇپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ھېسابلىنىدىغان مۆتىۋەككۈر ئىلىم ساھىبلىرى ئەنە شۇ ئىلىم مەركىزىدە يېتىشتۈرۈلگەنىدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قەشقەردە يەنە ھەمىدىيە مەدرىسىسى، مەھمۇدىيە مەدرىسىسى قاتارلىق داڭلىق مەدرىسلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. قەشقەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىدىكى ئورنى ھەققىدە جامال قارشىينىڭ ئابزاس بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتسەكلا كۇپايە:

«ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر — كاشغەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغان»[3].

ئۇ ساچىيە مەدرىسىنىڭ شۆھرىتى ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى قالدۇرغان:

«مەن كىتابنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، نەچچە زامان ئىزدەندىم، مۇمكىن بولسا سېتىۋالاي ياكى يېزىۋالاي دېدىم، بەختىمگە يارىشا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسلىرىدىن بىرى بولغان ساچ مەدرىسىسىنىڭ كىتاب ئامبىرىدىن ‹سۇراھ لۇغەت› كىتابىنىڭ تۈت چوڭ تومى تېپىلدى»[4].

ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىسلەردە «قۇرئان» ۋە ھەدىس توغرىسىدىكى شەرھلەر، ئىسلام قانۇنى

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 704 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى.
② يۇقىرىقى كىتابقا قارالسۇن
③ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 325 ـ بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى.
④ ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 261 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى.

ھەققىدىكى بىلىملەر، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ گرامماتىكىلىرى، ئارۇز ۋەزنى سىستېمىسى، ئىلمى فاساھەت، ئىلمى نۇجۇم، ئىلمى رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مائارىپنىڭ مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسىدىكى يۇقىرىقى يېڭىلىقلار ئەرەب، پارس ئەدەبىياتلىرىدىكى نۇرغۇن يېڭى ئامىللارنى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىغا ئېلىپ كىرىپ ئۆزلەشتۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارماق ۋەزنى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتلىرىدىكى ئارۇزنىڭ كۆپلىگەن ۋەزنلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەھۋالىغا تەتبىقلىنىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شەكىل ۋە ژانىرلار بېيىدى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىدىن كۆرە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ، شۇنداقلا قاراخانىيلار بىلەن پاراللېل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن[1]:

1. باش قاپىيە ۋە ئاياغ قاپىيە ئۇسۇللىرى بىردەك قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا شېئىردىكى ئاھاڭدارلىق تېخىمۇ كۈچلۈك، جەلپكار بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋلالۇر ئۆزۈم ئانىڭ تۇزۇڭە
ئەملەلۇر كۆزۈم ئانىڭ تۇزىڭا.

(يەشمىسى: ئۇنىڭ تۇزلۇكى (گۈزەللىكى) بىلەن كۆڭلۈم ئوۋلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاياغ تۇزىڭى بىلەن كۆزۈم ئەملىنىدۇ[2].)

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقال ـ تەمسىللەر ۋە شېئىرىي پارچىلاردىن باش ۋە ئاياغ قاپىيىلەر ماسلاشتۇرۇلغان ئۆرنەكلەرنى كۆپ ئۇچرىتالايمىز.

بۇنداق مىساللار «قۇتادغۇ بىلىك» تىمۇ نۇرغۇن. مەسىلەن:

5657. كېڭەشسە كىشىدە بىلىم كېڭىيۇر
كېڭەشكە قوشۇلسا بىلىم، ئىش ئوڭۇر.

قوچۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئاپرىنچۇر تېگىن، كىكى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ بۇنداق نەمۇنىلەر يېتەرلىك بار.

2. شېئىرىي شەكىللەردە تۆتلۈكلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، AAAA قاپىيە فورمىسى:

ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار[3].

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، غەيرەتجان ئوسمانلارنىڭ قەلىمىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارالسۇن.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 389 ـ بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 100 ـ بەت.

AAAB قاپىيە فورمىسى:

قار، مۇز تامام ئېرىشتى،
تاغلار سۇيى ئېقىشتى،
كۆكۈچ بۇلۇتلار ئۆرلەشتى،
قېيىق بولۇپ ئايلىنار[①].

بىز يەنە «دىۋان»دىكى شېئىرلاردىن ۋە ئىسلامىيەتتىن خالىي ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن abbb، abcc، aabc فورمىسىدىكى تۆتلۈكلەرنى تاپالايمىز.

3. مىسرالارنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئەركىن بولغان شېئىرلار ئۆزىدىكى ھېسسىياتنىڭ تەبىئىيلىكى، تىلىدىكى ساپلىق ۋە سەممىيلىكى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنداق شېئىرلارغا بىز تورپان تېكىستلىرىدىن كۆپ ئېرىشەلەيمىز. بۇلارنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان گۈزەل شېئىرىيەت ژانىرلىرىنىڭ بىر تۈرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بۇنىڭ ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ «ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىرىنى مىسال كەلتۈرسەك كۇپايە:

قاتار - قاتار قات - قات تاغلاردا،
تېپتىنچ ئاراملىق ئارانتىياندا،
ئارتۇچ، سۆگەت ئاستىدا،
ئاقار سۇلار بويىدا،
شادىمان ئۇچقان قۇشلار كېلىپ،
توپلىنىدىغان جايلاردا
غەم - ئەندىشىسىز ھوزۇر سۈرگۈلۈك
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا[②].

4. قاراخانىيلارنىڭ ئىسلاملىشىشىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات مەزمۇن جەھەتتىن تەڭرىگە سېغىنىش، خىلۋەت ماكانلاردىكى تەقۋادارلىقنى ئۇلۇغلاش، پاكلىق ۋە ئەخلاقنى قەدىرلەش، ئەمگەك، مۇھەببەت قاتارلىقلاردەك ھەرقانداق دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئىسلاملىشىشتىن كېيىنكى قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى شەكىللەرنى مۇمكىنقەدەر ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، ئەسلىدە بار بولغان بەزى ئارۇز تۇركۇملىرى ئاساسىدا ئارۇزنىڭ شەكىللىرىنى كۆپەيتتى ھەم بېيىتتى. مەسنەۋى، قەسىدە، غەزەل، رۇبائىي، مۇستەھزاد كەبى شەكىللەر بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ دائىمىي فورمىلىرى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە شېئىرىي شەكىلدىكى مىللىيلىك بىلەن خەلقئاراللىشىش تامامەن ئۇيغۇن بىر رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بىز بايىلا قەيت قىلىپ ئۆتكەن غەزەل، رۇبائىي قاتارلىق ژانىرلار تۈرك، ئەرەب، پارس شېئىرىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئورتاق ئىدى. ئۇمۇمىي ئىدېئولوگىيىدىكى ئورتاقلىق، قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي باغلىنىش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى راۋان ئالماشتۇرۇش ئەرەب، ئىران، ئوردۇ ۋە ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى كۆپ خىل تىل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەدەبىياتنى مەلۇم

① تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 251 - بەت.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 113- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى.

ئورتاقلىقىقا ئىگە قىلماقتا ئىدى.

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنى چۈشىنىشتە ھەم ئۇلاردىن زوق ئېلىشتا، ئۇلاردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقىقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شائىرنىڭ سۆز ۋە پاساھەتتىكى بالاغىتى ئۇنىڭ سۆز – مىسرالارنى ۋەزىن قانۇنىغا تەبىئىي لايىقلاشتۇرۇپ، مۇئەييەن ئىزچىللىقىقا ئىگە مۇزىكىلىق قۇرۇلمىنى روياپقا چىقىرىشىدا كۆرۈلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئوقۇرمەنمۇ شېئىرىيەتتىكى ئاشۇ خىل قائىدىلەرنى ئاپتورغا ياندىشىپ ھالدا ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى لازىم بولىدۇ. بىز بۇ يەردە «ۋەزىن قۇرۇلمىسى» دېگەن بىر مەسىلىگە يولۇقىمىز، ۋەزىن ئادەتتە، مىسرادىن ئورۇن ئالغان سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇزۇن – قىسقا بوغۇملارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

كەلسە قالى قاتىغلىق ئەرتەر تەيۇ سەرىنگىل
ئۆزلەك ئىشتىن بىلىپ تۇر ئانچا ئاڭا تەرىنگىل.

مەنىسى: كەلسە ساڭا قاتتىق كۈن ئۆتەر دىبان سەۋر قىل،
پەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر ئاڭا لايىق تەدبىر قىل.

ۋەزىن سخېمىسى:

مۇستەفئىلۇن \ فەئۇلۇن \ مۇستەفئىلۇن \ فەئۇلۇن

— — V — — — V — — — V — — — V — —

بىر ۋەزىن بىرقانچە ئۇزۇن – قىسقا بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ، بىرقانچە خىل ۋەزىننىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشىدىن يەنە بەھرلەر (بىر مىسراغا قارىتا كېتىۋاتىدۇ) ھاسىل بولىدۇ.

فۇئاد كۆپرۈلۈ ۋە ئاننېمارىيە شىممېل (Annemarie Schimmel) لارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بېيىت، قىتئە، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزاد قاتارلىق شېئىر شەكىللىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرى سۈپىتىدە ئىسلامىيەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل بايلىقىغا ئايلانغان، شۇنداقلا ئىسلامىي قىممەت قارىشىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا تېخىمۇ جۇلا تاپقان[1].

تۈرك، ئەرەب، پارس خەلقلىرىنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىدە رىتىم بىلەن قاپىيە ئاساسلىق ئامىل بولغان، بۇ ھال ئىسلامىيەت تۈسىدىكى قاراخانىيلار دەۋرى شېئىرىيىتىدە تېخىمۇ تىپىك ۋە قويۇق بولغان. ۋەھالەنكى، كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئارۇز بولسا دەل ئاشۇ ئامىللارنىڭ رول ئوينىشى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان ھەمدە ئۇ شۇ ئامىللارنى ئۆزىدە يارقىن نامايان قىلغان شېئىرىيەت ئەندىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاننېمارىيە شىممېل: «قاپىيىسىز شېئىرلارنى قەدىمكى دەۋرلەردىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ، ھەتتا قاپىيە ئەرەب، پارس، تۈرك، ئوردۇ ئەدەبىياتلىرى ئەنئەنىسىدىكى پروزىلارنىڭمۇ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەنىدى.

بىز يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن مۇنداق بىر يەكۈنگە ئىگە بولىمىز: قاپىيە ئەرەب، پارس، تۈرك ئەدەبىياتلىرىدىكى، جۈملىدىن ھەرقانداق قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تۈپكى ئامىللارنىڭ بىرى. بۈگۈنكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكلىرىدە ئەدەبىياتنىڭ تاشقى ئامىللىرى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى بايانلار كۆپرەك ئورۇن ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىي ژانىرلار توغرىسىدىكى بىلىملەرمۇ ئاساسەن غەرب ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسلىكلىرى ئومۇمەن دېگۈدەك خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغاچقا ۋە ئۇلارغا ئۇيغۇر

[1] فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ «تۈرك ئەدەبىياتى» ۋە ئاننېمارىيە شىممېلنىڭ «رەڭدار كىمخاب» («A Two Colored – Brocade») ناملىق كىتابلىرىغا قارالسۇن.

ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىكى مىللىي تەركىبلەر كىرگۈزۈلمىگەچكە، دەرسلىكلەر نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەسلىدە بىزدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، تارىختىكى تەرەققىيات جەريانلىرىغا، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە مورفولوگىيىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدا بىز ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن زېمىنى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئىزدىنىشىمىز ۋە ماھىيەتنى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ ھەربىر ھالقىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇشىمىز كېرەك بولىدۇ.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە (ئەلۋەتتە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شېئىرىيەتتە) بېيىت، مىسرا، سەدرە (تۇنجى مىسرا)، مەتلە (تۇنجى كۇپلېت)، مەقتە (ئاخىرقى كۇپلېت)، قاپىيە، رادىف قاتارلىق بىرلىك ياكى ئاتالغۇلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ؛ مەزمۇن جەھەتتىن بولسا، قەسىدە، غەزەل، ھەزىل، قىتئە، رۇبائىي، مەسنەۋى، ساقىنامە، دىۋان، داستان قاتارلىق ژانىرلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقىلار شېئىرنىڭ شەكلىي ئامىللىرى ۋە مەزمۇن ئاساسىدىكى تۈرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ھەربىر شېئىر تۈرى تۈرمۇشنىڭ مۇئەييەن تەرتىپىنى ئۆزىگە مەخسۇس تېما قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات  نامايەندىلىرى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، تەپسىلىي توختىلىمىز.

ئىقتىسادىي ئالاقە تىل تەرەققىياتىغا روشەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. «ئۇيغۇر تىلىغا قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئارقىلىق ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر سىڭىپ كىردى»[1]. بۇ يەردىكى بايان قاراخانىيلار ئەدەبىياتىدىكى يىرىك نامايەندە بولمىش «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ لۇغەت تەركىبىگە قارىتا ئېيتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا ئەرەب ـ پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر %25 گىمۇ بارمايدۇ[2].

شېئىر بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ تىپىك گەۋدىلەندۈرىدىغان ژانىر سۈپىتىدە تەپەككۇردىكى ئېتنوگرافىيىلىك، ئېكولوگىيىلىك، مىللىي پسىخولوگىيىلىك خاسلىقلارنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكا بايلىقىنى ھەم ئۇنىڭ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى چۈشىنىش بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدىكى ۋارىيانتىنى چۈشىنىشىمىزگە تارىخ جەھەتتىن ئاساس سالىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرى ئىنسانىيەتكە مەھمۇد كاشغەرىي (مىلادىيە 1008 ــ 1105)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ (مىلادىيە 1019 ــ 1085)، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىي (مىلادىيە ؟) قاتارلىق ئۈچ مۇنەۋۋەر ئالىمنى تەقدىم قىلدى. ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە مىراس بولۇپ قالدى. بۇلار ئەنئەنە بىلەن يېڭىدىن قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توغرا ھەل قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنى پىداكارلىق بىلەن قوغدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتلىرىدىكى مۇناسىپ كېلىدىغان ئۇسلۇب، ژانىر ۋە باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىجادىي رەۋىشتە تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى يېڭى جاۋاھىرلار بىلەن بېيىتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلامىي مۇھىتتىكى مىللىي كىملىكىنى قانداق تونۇش، يېڭى ھاكىمىيەتنى ئىسلامىيەت ئەندىزىسى بويىچە

[1] «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 384 ـ بەت، قازاقىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن، رۇسچىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى.

[2] يۇقىرىقى كىتاب، 385 ـ بەت.

قانداق ئىدارە قىلىش، بەختلىك، قوۋناق، ئاۋات جەمئىيەتنى قانداق بەرپا قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، يۇقىرىقى مۇتەپەككۇرلار بۇ مەسىلىلەرگە رېئال نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئۇنۇملۇك جاۋاب بەردى. «مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي بولمىغان سەرخىللار مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسىنى رەت قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇلارنى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تۈركىي مەنبەلەر بىلەن تەتبىقلىغان ھەم ئەجنەبىيچە ئىپادىلەشلەرنى تۈركىي شەكىللەر ئىچىگە سىڭدۈرگەن»①.

مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام مۇخلىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنى ئەرەب ـ پارسلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي تۇتۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇ تۈركىي قوۋملار ئولتۇراقلاشقان بارلىق رايونلارنى ئون بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تىلى، شېۋىسى ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىممەتلىك، مول ماتېرىياللارنى توپلىغان، شۇڭا «دىۋان» غا قەدىمكى قوشاقلار ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى كىرگۈزۈپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىلىرىدىن قىممەتلىك بېشارەتلەرنى بېرىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە، يەنى ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساپ ئېتنىك سالاھىيىتىنى ئوچۇقلۇق تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن. ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى «شاھنامە»دە رۇستەم پالۋان ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى پارسلارنىڭ بۈيۈك مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە تۈركلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى ئافراسىيابتىن ئۈستۈن قويىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بولسا «دىۋان»دا ئافراسىياب توغرىسىدىكى قەدىمكى تۈركىي خەلق مەرسىيە ـ قوشاقلىرىدىن پارچىلارنى بېرىپ، ئىسلامىي مۇھىت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنى قايتا نامايان قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى ناتان نۇر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى ھەققىدە مۇنداق باھا بەرگەن: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى تۈركىيلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئاچقۇچلۇق مەنبەدۇر. ئۇنىڭ دىۋانى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى، تۈركىي تىللاردىكى بېكىتىلگەن سۆزلەر، كۈندىلىك ئەمەلىيەت، ئاغزاكى ئەنئەنە ۋە خەلق ئېتىقادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتنىك ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەتتۇر»②.

ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرشۇناس روبېرت «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەھمىيەت جەھەتتە دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» ۋە فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سى بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرلىشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ سەرخىللىرى جىددىي ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھۆكۈمدارلىق پرىنسىپلىرىنى ئىران ـ ئىسلام مەنبەلىرىدىن قوبۇل قىلغان، شۇنىڭدەك بۇ پرىنسىپلارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئورامىغا ۋە كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرغان.

ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىينىڭ ئۇسلۇبى بەئەينى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ھېكمەتلىك تەمسىللەر بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئاللېگورىيىسىنىڭ بىرىكمىسىدەكلا تۇيۇلىدۇ. بىز بۇ ئۈچ ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالساق، شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا تۈركىي خەلقلەرگە خاس بولغان تەمسىلىي ئۇسلۇب (Proverbial style) تىن ئىبارەت بىر ئەنئەنىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. بىز بۇنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇچرىتىمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)

---

①② ناتان نۇر (Nathan Light): «تايغاق يول: تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە قورۇلمىسى ھەمدە ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە زامانىۋىلىق»، ئىنگلىزچە، UMI دىسسېرتاتسىيىسى، 1988 ـ يىلى.



# چاغاتاي تىلى ھەققىدە يېڭى بايانلار

ئابدۇرېھىم راخمان

## 1. خارەزم ۋە ئاتالمىش «خارەزم تۈركچىسى»

چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى قاراشلار دېگەندە، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى، دەۋرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان تۈركىي تىلىنىڭ مىللىي كىملىكى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان تۈركىي تىلىنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدە مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە خەممەت تۆمۈرلەر خېلى ئەتراپلىق ئىلمىي مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزگەن. بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى چاغاتاي تىلىنىڭ دەۋرلەرگە ئايرىلىشى ھەققىدىكى قاراشلارنى چۆرىدىگەن ھالدا چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان تۈركىي تىلىنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە بەزى تولۇقلىمىلار بېرىلىدۇ.

چاغاتاي تىلىنى دەۋرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە تاقىلىدۇ. تۈركىي تىللارنى دەۋرلەرگە ئايرىش تۈركولوگىيىدىكى چەتلەپ ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇھىم تېما. شۇڭا، تۈركولوگلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقتە ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن.

تۈركولوگلار ئارىسىدا چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلىدىكى «خارەزم دەۋرى»نى ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىق، بۇ نۇقتىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ تالاش ـ تارتىشلارنىڭ تۇگۈنى بولغان ئاتالمىش «خارەزم تۈركچىسى»نىڭ تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

خارەزم ــ بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان چېگراسى ئىچىدە قالغان، ئەرەب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئامۇ (جەيھۇن) دەرياسىنىڭ ئارال كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ جەنۇبى ۋە بۇ دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان جايلار، شۇنداقلا شۇ يەرلەردىكى خەلققە بېرىلگەن نام ئىدى ①. ئەرەب ئىستىلاسىدىن كېيىن بۇ نام پەقەتلا يەر نامى بولغان، ئۇنىڭ خەلقى بولسا «خارەزمىي»

① ئايسۇ ئاتا : «خارەزم ــ ئالتۇن ئوردا تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2002 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

دېيىلگەن. خارەزمنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇشى ئۇنىڭ ئىران، ھىندىستان، جۇڭگو، جەنۇبىي رۇسىيە ۋە سىبىرىيە قىرغاقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقىدىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خارەزم ئەينى زاماندا مۇھىم سودا مەركىزى ئىدى. شۇڭا، خارەزمگە كىمنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ سودا تۈگۈنىگە، توغرىراقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا كىمنىڭ ھۆكۈمران بولۇشىنى بەلگىلەيتتى.

خارەزمگە ئائىت ئەڭ قەدىمىي مەلۇماتلار ھېرودوتقا ئائىتتۇر. ئۇنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، خارەزملىكلەر ئامۇ دەرياسى ساھىلدا ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشالغان بىر بۆلەكتە يەرلەشكەنىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ قوۋم ياشىغان دۆلەتنىڭ پايتەختى خوراسمىا دەپ ئاتالغان. بۇ ئىسىم تاكى 13 - ئەسىرگىچە كات شەھىرىنى كۆرسەتكەن. كات شەھىرى خارەزمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان. خارەزمنىڭ سول تەرىپىدە بولسا ئۈرگەنچ، (ئەرەبچە جۇرجانىيە) جايلاشقان. بۇ شەھەر ئەرەب تارىخچىلىرىدىن ئىبنى فەزلاننىڭ ئەسەرلىرىدە «تۈرك دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان[1]. «خارەزمشاھ» ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا بۇ زېمىنغا ھاكىم بولغانلارغا بېرىلگەن بىر ئۇنۋان ئىدى. خارەزم پارس ئىمپېرىيىسى زامانىدىن تارتىپ تاكى 995 - يىلىغىچە ئافرىگ خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دەۋر تىلى ئاۋستا، سوغدى تىللىرىغا ئوخشاشلا شەرقىي ئىران تىللىرىغا مەنسۇپ ئىدى. خارەزم 717 - يىلى ئەرەبلەر تەرىپىدىن پەتھ قىلىنغان. 995 - يىلى سامانىيلار خارەزمنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنى «خارەزمشاھ» دەپ ئېلان قىلغان[2]. 10 - ئەسىرلەردە ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ يازمىلىرىدا تۈركىي سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈشى، ئابباسىيلار دەۋرىدە بەسرە ۋالىيسىنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن بولۇشى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خارەزمدە ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەردىن «كۆچەت»[3] دېگەن قوۋم نامىنى تىلغا ئېلىشى بۇ دەۋردە خارەزمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

1047 - يىلى غەزنەۋىلەر خارەزمنى ئېلىكگە ئالدى ۋە ئالتۇنتاشنى بۇ يەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن خارەزم غەزنەۋىلەرنىڭ بىر ئۆلكىسى قاتارىدا يېڭى بىر خارەزمشاھلار دەۋرى باشلاندى. ئالتۇنتاشنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن غەزنە سۇلتانى مەسئۇد ئۆز ئوغلى سەئىدنى خارەزم شاھ قىلىپ تەيىنلىدى. ئالتۇنتاشنىڭ ئوغلى ھارۇن بۇنى قوبۇل قىلماي، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە بۇخارا سەلجۇقلىرى تەۋەلىكىگە كىردى. ئەگەر سامانىيلارنىڭ ھالاكىتى ئىران تىللىق خەلقلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى ھېسابلانسا، غەزنەۋىلەردىن ئالتۇنتاشنىڭ خارەزمشاھ بولۇشى ئىران تىللىق خەلقلەرنىڭ خارەزمگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. سەلجۇقىيلارنىڭ خارەزمگە كىرىشى خارەزمدە يېپيېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. خارەزم غەزنەۋىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەزنەۋىلەر ئوردىسىدىن بەك يىراقتا بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ يەردە دائىم توپىلاڭ بولۇپ تۇراتتى. غەزنە سۇلتانى مەسئۇد دەۋرىدە خارەزم ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇپ بولغانىدى. ئالتۇنتاشنىڭ ئوغلى ھارۇندىن باشلاپلا خارەزم ئەمىرلىرى غەزنەۋىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، سەلجۇقىيلارغا بېقىنىدىغان بولۇۋالغانىدى. غەزنە سۇلتانى مەسئۇد 1035 - يىلى قاتىل ياللاپ ھارۇننى ئۆلتۈردى؛ 1038 - يىلى جەندنىڭ يەرلىك ھاكىمى شاھ مەلىكنى خارەزمشاھ قىلىپ تىكلىدى. 1040 — 1041 - يىلى شاھ مەلىك قوشۇن

① زەكى ۋەلىدى توغان: «خارەزم مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى»، 1 - قىسىم، خارەزمچە تەرجىمە ئەسەر «مۇقەددىمەتۇل - ئەدەب»، ئىستانبۇل، 1951 - يىلى، 15 - بەت.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، (خەنزۇچە): خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 - يىلى، 381 - بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى، 463 - بەت.

باشلاپ خارەزمگە بېسىپ كىرىپ، قانلىق جەڭلەردىن كېيىن پايتەختنى ئالدى ۋە خۇتبىنى مەسئۇدنىڭ نامىغا ئوقۇتتى. 1040 ـ يىلى مەسئۇد دانداناكان ئۇرۇشىدا سەلجۇقىيلار تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، خۇراسانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى. 1043 ـ يىلى خارەزم سەلجۇقىيلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى. سۇلتان مەلىكشاھ زامانىغا كەلگەندە، خارەزم بۇ سۇلتان تەيىنلىگەن ۋالىيلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. سۇلتان مەلىكشاھنىڭ تەختدارى ئانۇشتېگىن دەۋرىدە خارەزمدە تۈركىي خەلقلەردىن قىپچاق ۋە قاڭلى قوۋملىرى يەرلىشىشكە باشلىدى ۋە خارەزمنىڭ تۈركىيلىشىشى تاماملاندى①. شۇنداق قىلىپ خارەزمدە قىپچاق، قاڭلى ۋە ئوغۇزلارغا ئورتاق بىر تۈركىي تىل — خارەزم تۈركچىسى مەيدانغا كەلدى. غەزنەۋىلەر ۋە سەلجۇقىيلار دەۋرىدە تۈركىيلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇشى بىلەن تۈركىي تىل ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى ۋە قۇتبىددىن زامانىسىدا خارەزم تۈركچىسى بىلەن ئەسەر يېزىلىشقا باشلىدى.

1097 ـ يىلى سەلجۇق ھۆكۈمدارى سۇلتان سەنجەر ئانۇشتېگىننىڭ ئوغلى قۇتبىددىن مۇھەممەدنى خارەزمشاھ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن خارەزمنىڭ پارلاق دەۋرى باشلاندى ۋە 1231 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى. خارەزمشاھ ئاتسىز دەۋرىدە ( 1127 — 1156) يېرىم مۇستەقىل ھالەتكە كەلگەن خارەزم ئېل ئارسلان (1156 — 1172) ۋە ئەلائىددىن تېكىش (1172 — 1200) زامانىدا كۈچىيىپ زورايدى. ئالائىددىن مۇھەممەد (1200 — 1220) دەۋرىدە مۇستەقىل دۆلەت شەكلىدە بولغان خارەزمشاھلار دۆلىتى جەلالىددىن مۇھەممەد (1220 — 1231) دەۋرىدە ھۆكۈمرانىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى موڭغۇللارغا يېڭىلىپ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن (1227) خارەزمنىڭ شەرقىي قىسمى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىغا بۆلۈپ بېرىلدى. 14 ـ ئەسىردە جۇجى خانلىقىنىڭ ھوقۇقى قوڭراتلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئەسىردە سودا ـ تىجارەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ مىسلىسىز گۈللەندى. 1379 ـ يىلى ئەمىر تېمۇر خارەزمنى ئۆز تۇپراقلىرىغا قوشتى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن (1405) شەيبانىيلار خارەزمنى ئالدى. شەيبانىيلارنىڭ سەلتەنىتى ئاخىرقى ھۆكۈمدار ئابدۇللاخان (1583 — 1598) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇئمىننىڭ ئۆلۈمى (1598) بىلەن ئاخىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن شەيبانىيلار خانلىقى بۇخارا (18 ـ ئەسىر)، خىۋە ۋە قوقەند خانلىقلىرىغا بۆلۈندى. 16 — 19 ـ ئەسىرلەردە خارەزم خارابلىشىشقا باشلاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەت زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. رۇسلار 1863 ـ يىلى بۇخارا خانلىقىنى، 1873 ـ يىلى خىۋە خانلىقىنى، 1876 ـ يىلى قوقەند خانلىقىنى بويسۇندۇردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن خانلىقلارغا خاتىمە بېرىلىپ، 1920 ـ يىلى خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى، 1921 ـ يىلى خارەزم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1924 ـ يىلى بۇخارا، قوقەند خانلىقلىرى ۋە خىۋە خانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئۆزبېكىستانغا، خىۋە خانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپى تۈركمەنىستانغا بۆلۈپ بېرىلدى.

ئەمدى بىز چاغاتاي تىلى ھەققىدە بايانىمىزغا قايتىپ كېلەيلى.

ئېلىمىز ھەم چەت ئەللەردىكى چاغاتايشۇناسلارنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ دەۋرى ۋە تەبىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى قىسمەن پەرقلىنىدۇ. ئېلىمىزدە چاغاتاي تىلى «14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ

① بۇ ھەقتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مەنبە — بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىغا قەدەر تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىدۇر، 1910 ـ يىلى.

باشلىرىغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئورتاق قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى»[1]، «14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان ئەدەبىي تىل»[2] دېگەن قاراش مۇقىملىشىپ قالغان، شۇنداقلا «خارەزم يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنماي، خارەزم دەۋرى يادىكارلىقلىرى چاغاتاي تىلى يادىكارلىقلىرى دەپ تونۇلغان. غەرب تۈركولوگلىرى ئارىسىدا (تۈركىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) چاغاتاي تىلى ھەققىدە «12 ـــ 19 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام تۈرك ئەدەبىياتى دەۋرىدە قوللىنىلغان يەرلىك شېۋىلەر، بولۇپمۇ ئۆزبېك شېۋىسى مەۋجۇت بولغان تىل»[3]، «15 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى»[4]، «13 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان»[5] «ئىسلامىي ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى، ئۈچىنچى سەھىپىسى تېمۇرىيلەر ئىمپېراتورلۇقىدا (1405 ـــ 1502 ـ يىللار) خارەزم تۈركچىسىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن»[6] دېگەندەك قاراشلار مەۋجۇت. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگلىرى «چاغاتاي تىلى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «كونا ئۆزبېك تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىدۇ ۋە خارەزم يادىكارلىقلىرىنىمۇ كونا ئۆزبېك تىلى يادىكارلىقلىرىغا كىرگۈزىدۇ[7].

ئاتالمىش خارەزم تۈركچىسى 13 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن خارەزم ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا ئوغۇز (تۈركمەن) ۋە قىپچاق يەرلىك شېۋىلىرىنىڭ تەسىرىدە خاقانىيە تىلىدىن ئاساس ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىلىنى كۆرسىتىدۇ[8]. خارەزم تۈركچىسى دەپ ئاتالغان بۇ دەۋر تىلى خاقانىيە تىلىدىن چاغاتايچىغا ئۆتۈشتىكى تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خارەزم زېمىنىدا يەرلەشكەن ئوغۇز، قىپچاق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېۋىلىرىدىن ئېلىنغان ئامىللار ئۇنىڭ ئاساسى بولغان خاقانىيە تۈركچىسىگە يۇغۇرۇلۇپ، خارەزم تۈركچىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەشكىل قىلغان.

بۇ دەۋر تىلىنىڭ نامى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. نەۋائىي خارەزملىك ھۇسەيىن خارەزمىي ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەۋلانە ھۇسەيىن خارەزمىي... مەۋلانە جەلالىددىن رۇمىي قۇددىسە سىررۇھۇ مەسنەۋىسىغا شەرھ بىتىبتۇر ۋە قەسىدەئى بۆردەغا داغى خارەزمچە تۈركىي تىل بىلەن شەرھ بىتىبتۇر»[9].

خارەزم سىر دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدا چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن بۇرۇن

① خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

② مىر سۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

③ ھ. ۋامبېرى: «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى»، لېيپزىگ، 1667 ـ يىلى.

④ ئا. ن. سامايلوۋىچ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخى ـــ ئەلىشىر نەۋائىي ئەسىرلىرى توپلىمى»، لېنىنگراد، 1928 ـ يىلى.

⑤ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»؛ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 3 ـ توم، ئىستانبۇل، 1928 ـ يىلى، 270 ـــ، 323 ـ بەتلەر.

⑥ يانوس ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»، ئامېرىكا، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، بلومىڭتون، 1966 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

⑦ ئۇ. تۇرۇسۇنوف، ب. ئۇربابېف، ئا. ئېلىيېف : «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى تارىخى» ، تاشكەنت، 1995 ـ يىلى، 104 ـ بەت؛ ئا. م. شېرباك : «10 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردىكى شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1961 ـ يىلى؛ ئې. ئى. فازىلوف: «قەدىمكى ئۆزبېك تىلى، 14 ـ ئەسىردىكى خارەزم يادىكارلىقلىرى»، تاشكەنت، 1967 ـ يىلى.

⑧ يانوس ئېكمان: «خارازم تۈركچىسى»، ج. دېنىي قاتارلىقلار تۈزگەن «تۈرك فىلولوگىيىسى توپلىمى»، 1 ـ توم، 11 ـ بەت.

⑨ ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى.

قەشقەردىن قالسىلا ئىككىنچى بىر مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە يەنىلا شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ۋە 1220 ـ يىلىدىن 1379 ـ يىلىغىچە سىياسىي جەھەتتىن ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قارىغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خارەزمدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى 14 ـ ئەسىردە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پايتەختى ساراي ۋە قىرىمدا داۋام قىلدى. خارەزمدىن سارايغا كۆچۈپ كەلگەن كۆپ ساندىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، شائىرلار تۈرك يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ بۇ زېمىندا يېيىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا، سامايلوۋىچ: «ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە خارەزم باشلامچىلىق رول ئوينىدى»[①] دەپ يازغان. شۇنداق قىلىپ ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەۋەسىدە قوللىنىلىدىغان مەھەللىۋى شېۋىلەرگە خارەزم تۈركچىسى قوشۇلۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ قىپچاق زېمىنىدا يېڭى بىر ئەدەبىي تىل شەكىللەندى. خارەزم تۈركچىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئالتۇن ئوردا ياكى جۇجى ئۇلۇسى ئەدەبىي تىلى خارەزم تەۋەسىدە قوللىنىلغان تۈركىي تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، بۇ پەرقلەر ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ قەدەر كەڭ زېمىندا قوللىنىلغان بۇ ئەدەبىي تىل بىرلىككە كەلمەي، كونا ـ يېڭى شەكىللەر، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ تىل تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ئاخىرلاشتى ۋە چاغاتاي تىلىغا ئورۇن بوشاتتى[②].

بۇ كۆزقاراشنىڭ ھامىيسى بولغان يانوس ئېكمان، ئەخمەت ئەرچىلارسۇن، ئايسۇ ئاتا ۋە «كونا ئۆزبېك تىلى» مۇتەخەسسىسلىرىدىن شېرباك، ئابدۇراخمانوف، بوروكوف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىسى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە خەمىت تۆمۈرلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەكرار مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تۈركىي تىللار تارىخىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى شېۋە ئالاھىدىلىك ئانچە گەۋدىلىك بولمىغان بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنى ئايرىم مۇستەقىل بىر تىل دەۋرى قىلىپ ئايرىپ، ئۇنىڭغا نام بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە خەمىت تۆمۈر ئەپەندىلەرنىڭ «خارەزم تۈركچىسى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قەشقەر ۋارىيانتىنىڭ 14 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خارەزم تەۋەسىدە بەزى يەرلىك شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىلغان شەكلى» دېگەن پىكرىنى توغرا تاپتۇق. ئەگەر «خارەزم تۈركچىسى» دېگەن ئاتالغۇ چاغاتاي تىلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ياكى شەكىللىنىش باسقۇچى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەڭداش مەنىدە قوللىنىلسا، ئەڭ توغرا بولىدۇ دەپ قارايمىز.

## 2. چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى باسقۇچى ھەققىدىكى بايانلار

چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرى 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان 300 يىللىق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر چاغاتاي تىلى بۇ تىلنى قوللانغۇچى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلغان، شۇنداقلا بۇ دەۋردە ھەرقايسى تۈركىي تىللار بۆلۈنۈشكە باشلىغان ۋە بۇنداق بۆلۈنۈش تاماملانغان دەۋردۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، چەت ئەللەردىكى چاغاتاي تىلى مۇتەخەسسىسلىرى چاغاتاي تىلىنىڭ نەۋائىيدىن كېيىنكى دەۋرنى چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى دەيدىيۇ، بۇ دەۋردە شىنجاڭدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر، ئەدىبلەرنىڭ بىرسىنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ. ئەكسىچە،

---

① سامايلوۋىچ: «جۇجى ئۇلۇسى ياكى ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلى»، «تۈرك تىلى»، 1935 ـ يىلى 6 ـ ئاي، 46 ـ بەت.

② ئايسۇ ئاتا: «خارەزم ـ ئالتۇن ئوردا تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2002 ـ يىلى، 13 ـ بەت.

پەقەتلا ماۋەرائۇننەھر ۋە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان، خىۋە، بۇخارا ۋە قوقەند خانلىقلىرىدا ئۆتكەن شائىر ئەدىبلەرنىلا ساناپ ئۆتىدۇ①. بۇ نۇقتىدا ئۇلار شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە مەيدانغا كەلگەن چاغاتاي تىلىنىڭ ئەللامىلىرى ھەققىدە ھېچبىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىمۇ ياكى بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەن كۆردىمۇ ۋە ياكى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز يېتەرلىك بولمىدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. نېمىلا بولسۇن بىزنىڭچە بۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. چۈنكى، «ئۇرخۇن دەۋرىدىن تارتىپ گۈللەنگەن بىر مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، داۋاملاشتۇرغۇچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردە (چاغاتاي تىلىنىڭ ھەممە دەۋرىدە) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەر، ھىرات، سەمەرقەند، ئەندىجان... قاتارلىق شەھەرلەردە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئوينىغان رولى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئەنئەنىلىرى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ئۇنتۇلماسلىقى كېرەك»②. گەرچە كېيىنكى دەۋرلەردە ھەرخىل تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە كۆرە نەۋائىيغا ئوخشاش بۈيۈك ئەدىبلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا «مۇھەببەتنامە مېھنەتكام»، «نەسرىي خەمسە»، «تارىخىي مۇسىقىييۇن»، «تارىخى ھەمىدىي» قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلەر، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «تارىخى رەشىدىي» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەر، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قاتارلىق لۇغەتلەر مەيدانغا كەلگەن.

نۆۋەتتە بىز بۇ 300 يىللىق دەۋرنى ئىلمىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ، بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدىبلىرىمىزنى جاھان ئىلىم ساھەسىگە تونۇتۇشىمىز ۋە چاغاتاي تىلىنىڭ كەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان شائىر، ئەدىب ۋە تارىخچىلاردىن گۇمنام (ھىرقىتى) (17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن)، سالاھىي (17 — 18 - ئەسىرلەردە قەشقەردە ياشىغان)، زەلىلىي (1676 — 1755)، ئەرشىي (1685 — 1756)، خىراباتىي (1638 — 1730 ياكى 1660 — 1750)، فۇتوھىي (1714 — 1755 \ 1756)، نەۋبەتىي (1691 — 1760)، مەھزۇن خوتەنىي (18 - ئەسىر)، قىسۇرىي (1717 — 1827)، موللا مۇھەممەد تۆمۈر (17 — 18 - ئەسىر)، شاھ ھىجران (18 - ئەسىر)، ئابدۇللاخان مەخدۇم (18 - ئەسىر)، مۇھەممەد سىدىق رەشىدىي (1710 — ؟)، مەجلىسىي (18 - ئەسىر)، يۈسۈف خوتەنىي (17 — 18 - ئەسىر)، زۇھۇرىي (19 - ئەسىر)، ئىبراھىم مەشھۇرىي (18 - ئەسىر)، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (1725 \ 1726 — 1850)، قەلەندەر (1747 — ؟)، موللا نىياز خوتەنىي (18 - ئەسىر)، خىسلەت (18 — 19 - ئەسىر)، مۆجىزىي (19 - ئەسىر)، ئابدۇرېھىم نىزارىي (1776 — 1850)، نورۇز ئاخۇن زىيائىي (19 - ئەسىر)، تۇردى غەرىبىي (1802 \ 1803 — 1861 \ 1862)، موللا شاكىر (1805 — 1870)، ئىمىر ھۈسەين سەبۇرىي (19 - ئەسىر)، موللا نىياز ئاشىقىي (19 - ئەسىر)، موللا رەھىم (19 - ئەسىر)، موللا قۇربان (19 - ئەسىر)، ئاشۇرئاخۇن غەرىبىي (19 - ئەسىر)، موللا بىلال (1825 — 1902)، سېيىت مۇھەممەد (1822 — 1890)، ناقىس (1840 — 1920)، سايرامىي (1836 — 1917)، ئەبدۇللاھ فوسكامىي (1876 — ؟)، تەجەللىي (1856 — 1925) قاتارلىقلار بار.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى 300 يىللىق تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ 300 يىلدا مەيدانغا كەلگەن شۇنچىۋالا ئەدىب ۋە ئۇلارنىڭ يۈرەك قېنى بولغان شۇنچىۋالا ئەسەرلەر تىلغا

---

① ئەخمەت ئەرچىلاسۇن: «باشلانغۇچتىن 20 - ئەسىرگىچە تۈرك تىلى تارىخى»، ئەنقەرە، ئاقچاغ نەشرىياتى، 2004 - يىلى، 423 — 426 - بەتلەر؛ يانوس ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»، ئامېرىكا، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، بلومىڭتون، 1966 - يىلى، «چاغاتايچە»؛ ج. دېنى قاتارلىقلار تۈزگەن «تۈرك فىلولوگىيىسى توپلىمى»، 1 - توم، ۋېسبادېن، 1956 - يىلى، 138 -، 160 - بەتلەر؛ «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، ج. دېنى قاتارلىقلار تۈزگەن «تۈرك فىلولوگىيىسى توپلىمى»، 2 - توم، ۋېسبادېن، 1964 - يىلى 207 — 306 - بەتلەر؛ «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى»(1800 - 1920)، «تۈرك تىللىرى تەتقىقاتى يىللىقى» ئىلمىي ژۇرنىلى (1963)، ئەنقەرە، 1964 - يىلى، 121 -، 156 - بەتلەر.

② مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خىمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 1 - سان، 9 - بەت.

ئېلىنمىسا ياكى چاغاتاي تىلىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىسە، بۇ تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا ئومۇمىي تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى؛ بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن شائىر، ئەدىبلەر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە بىۋاستە رول ئوينىغان ۋە ئاساس بولغان. شۇڭا، چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىدا بۇ تىل ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان ماكان ۋە زاماندا مەيدانغا كەلگەن ھەممە ئەدىب ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق تىلغا ئېلىنىسا تەتقىق قىلىنىسا، ئاندىن چاغاتاي تىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن بىر دەۋرنى ۋە كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆزىگە زامان، ماكان قىلغان بىر ئەدەبىي تىلنىڭ، شۇنداقلا بۇ تىلدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات، مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

### 3. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

بىزدە چاغاتاي تىلى ھەققىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن خېلى مول نەتىجىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، نۆۋەتتە چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا مۇنداق بىرقانچە يېتەرسىزلىك ساقلىنىۋاتىدۇ:

1) چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پەقەت بۈگۈنكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسى ئىچى بىلەن چەكلەش.

مەلۇمكى، چاغاتاي تىلى يالغۇز شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭلا تىلى بولماستىن، بەلكى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى مىسىرغىچە بولغان شۇنچە كەڭ تېررىتورىيىدە قوللىنىلغان. لېكىن ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭدا چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەقەت بۈگۈنكى سىياسىي چېگرىلار بىلەن چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى كەڭلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايۋاتىدۇ. چاغاتاي تىلى مول يازما ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنىڭ ساھىبى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا بېيىپ، تاكامۇللىشىپ، تۈركىي خەلقلەر ياشىغان كەڭ زېمىندا ئەدەبىي تىل بولۇپ رول ئوينىغان. لېكىن، بىز چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى ۋەكىللىرىدىن يۈسۈپ ئەمىرىي، ھەيدەر خارەزمىي، خوجەندىي، سەيىد ئەھمەد مىرزا، گەدائىي، يەقىنىي، ئەھمەدىيلەرنى، نەۋائىينىڭ دەۋرداشلىرىدىن ھەمدىي، شەيبانىي، ئۇبەيدىيلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە خەمىت تۆمۈردىن باشقا ھېچكىم، ھېچ يەردە تىلغا ئالمىدى. ھېچبولمىغاندا چاغاتاي تىلىنىڭ قايسى زېمىنلاردا قوللىنىلغانلىقىنى، قانداق ۋەكىللىرى بولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىرىنى نېمە سەۋەبتىن تىلغا ئالمىغانلىقىمىزنى ئەسكەرتمىدۇق. 17 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىت چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ، «چاغاتاي تىلى بۇ دەۋردىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىمۇ چاغاتاي تىلىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەينى دەۋر شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان»[①] بىر دەۋر ئىدى. مانا شۇ دەۋردىن باشلاپ پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ جانلىق تىل ئامىللىرى بىلە بىرلەشكەن ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن كلاسسىكلارنىلا تىلغا ئېلىش ئورۇنسىز ئەمەس. ئەمما، چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى (14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان، 33 ـ بەت.

ئوتتۇرىلىرىغىچە) ۋە كلاسسىك دەۋرى (15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)دىكى كلاسسىكلارنى تىلغا ئالماسلىق ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

چاغاتاي تىلىنىڭ شۇنچە كەڭ زېمىندا ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ تۈركىي تىللار تارىخىدىكى رولى يېتەرلىك يورۇتۇلمىدى. شۇڭا چاغاتاي تىلى قانداقتۇر شىنجاڭ زېمىنىدىلا قوللىنىلغان بىر تىلدەك بايان قىلىنىپ كەلدى.

2) چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس.

بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەرنى ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىبراھىم مۇتىئىي، خەمىت تۆمۈر، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، ئابدۇرەئۇپ پولات، تېيىپجان ئېلىيوف، رەھمىتۇللا جارى، ئابلىمىت ئەھەت، مەھەممەتتۇردى، مىرزىئەخمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇستازلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەجىر - مېھنەتلىرى ماختاشقا سازاۋەر. لېكىن، بۇ ساھەگە ئۆزىنى بېغىشلىغان يۇقىرى ساپالىق ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئازلىقى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىز مۇشۇ تىلنىڭ ھەقدارلىرى تۇرۇپ باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانچە ئىش قىلمىدۇق. رەتلىنىشنى، نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلەر تېخى نۇرغۇن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالىمىزمۇ ياخشى ئەمەس. چاغاتاي تىلى ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقىي چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىسى بولۇش ئۈچۈن ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا بىلىش كېرەك. مانا بۇ توسالغۇ بىزدە چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

3) چاغاتاي تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە دىققەت قىلىنمىدى.

بىر شەيئىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى ئۇنى ياخشى چۈشىنىش. چاغاتاي تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى ياخشى چۈشىنىش كېرەك. بۇ يەردىكى ياخشى چۈشىنىش چاغاتاي تىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ماكان، زامان جەھەتتىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى چۈشىنىش، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ھازىرغىچە چاغاتاي تىلى ھەققىدە باشقىلارنىڭ نېمىلەر دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي كەلدۇق. بۇ ھەقتە ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ۋە خەمىت تۆمۈرلەر ئۆزبېكىستاندىكى تەتقىقاتلاردىن قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن[①]. ئۆمەر داۋۇت نەۋائىي دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى ئەھۋالى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەردى[②]. لېكىن، ھەر ئىككى پارچە ماقالىدىكى مەلۇماتلارنى تولۇق دېگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا ھەرقايسى تۈركولوگلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى شەرھلەش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىشتە تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە خەلقئارا تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا بايراقدار ئورۇندا تۇرماقتا، جۈملىدىن چاغاتاي تىلى (ئومۇمەن چاغاتاي تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋە كلاسسىك دەۋرى) ھەققىدە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردىمۇ بۇ ھەقتە قىسمەن نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. مانا بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇتۇق - كەمچىلىكلىرىنى ئىلمىي شەرھلەش بىزنىڭ چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىمىزدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

ئومۇمەن، چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ئەسەر ۋە ماقالە يېزىش، چاغاتايچە ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال ۋەزىپىلەردۇر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 1 - سان

② ئۆمەر داۋۇت: «چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 3 - سان.



# ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى

تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش

1

چاي ــ دۇنياغا داڭلىق ئۈچ چوڭ ئىسپىرتسىز ئىچىملىك (چاي، قەھۋە، كاكائو) نىڭ بىرى، شۇنداقلا قەدىمدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانلارغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، تېبابەتتە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ ياخشى ساقلىقنى ساقلاش تەبىئىي ئىچىملىكىدۇر.

چاي تەركىبىدە كوفېئىن (قەھۋە ئىشقارى)، كۆپ فېنولluq بىرىكمىلەر، ۋىتامىن تۈرىدىكىلەردىن ۋىتامىن K، C، B ، مىنېرال ئېلېمېنتلاردىن فوسفور، كالىي، كالتسىي، ماگنىي، مانگان، ئالىيۇمىن، گۈڭگۈرت ۋە ئامىنو كىسلاتا قاتارلىق ئىنساننىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق تەركىبلەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، مۇۋاپىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ بەرسە، ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، بەدەندىكى خىلىتلارنى تولۇقلايدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئىسسىقلىقنى پەسەيتىپ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تولغاقنى توختىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، بەلغەمنى بوشىتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ ۋە قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ، قاندىكى ماينى پارچىلايدۇ ۋە ئارتېرىيىنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ يەنە قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىش، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش، راكقا قارشى تۇرۇش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىشتەك رولLarغىمۇ ئىگە. شۇ سەۋەبلىك دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە مىزاجىغا ماس كېلىدىغان ھەرخىل ئۇسۇلۇك، گۈل ـ گىياھلار، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مېغىزلىرىدىن ئوخشىمىغان چايلارنى ياساپ، ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى چاي ئاتالغۇسى ئۇقۇم دائىرىسىدىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تار مەنىدىكى چاي ئۇقۇمى بولۇپ، بىرىنچىدىن، چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈكلەرنى؛ ئىككىنچىدىن، چاي دەرىخىنىڭ

يوپۇرمىقى ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن ھەرخىل قۇرۇق چايلارنى؛ ئۈچىنچىدىن، قۇرۇق چاي ياكى باشقا ئۆسۈملۈك ـ خۇرۇچلاردىن پايدىلىنىپ تەييارلانغان ئىچىملىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ چايغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئۆرپ ـ ئادەت، پائالىيەتلەر، جۈملىدىن چاي مەدەنىيىتى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2

بىزنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەقىللىق، ئىجادكار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىنى داۋاملىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىختىرالارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك بىر مىسالى سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋادىن ئىبارەت تۆت زات قارىشىدىن ئىبارەت.

سۇ بولغاچقا، بۇ دۇنيا تىرىك، پاكىز ھەم گۈزەل. دۇنيادىكى بارلىق ھاياتلىق، مەدەنىيەت سۇ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئادەم بەدىنىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سۇ تەشكىل قىلىدۇ. ئادەم تېنىگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن ۋىتامىنلار سۇنىڭ ۋاسىتىسىدە ھەرقايسى ئورگانىزملارغا يېتىپ بارىدۇ. بەدەندىكى كېرەكسىز، زەھەرلىك ماددىلارمۇ ئوخشاشلا سۇنى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق بەدەنگە سۇ ۋە ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاشمايدۇ، يەنى ھەرخىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىگە خاس بولغان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

چاي — ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ھەرخىل ئۆسۈملۈك ۋە گۈل ـ گىياھلاردىن ياسالغان چايلارنى ئىستېمال قىلىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ۋە قىممىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىپ، ئۆزگىچە چاي مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇقلۇق، كالا ـ قوي سۈتلىرىنى ئىچىملىك قىلغان. ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلاردا قوشۇمچە ئوۋچىلىق، چارۋا ـ مال بېقىش ۋە سۈت ئىچىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى ئارقىسىدا ئىچىملىككە بولغان ئېھتىياجنى سۈت ئارقىلىق قامداش مۇمكىن بولمىغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنىڭ سىڭىشلىك، تەملىك بولىدىغانلىقىنى، قاينىتىلغان سۇ ۋە سۈتنىڭ سوغۇق سۇ ھەم خام سۈتكە قارىغاندا، بەدەننىڭ ساقلىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھەرخىل ئاشلىقلار، ياغلىق دانلار، گۆشلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ تەمى ـ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق بولۇشتىن تاشقىرى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش، تاماق سىڭدۈرۈش، ھارغىنلىقنى يېنىكلىتىش، روھىي كەيپىياتنى تەڭشەش ئۇنۇمىنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىغان.

نەتىجىدە، ئۇلار ئۆز تۇپرىقىدىن چىقىدىغان شىپالىق ئۇنۇمى يۇقىرى بولغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى مەقسەتلىك هالدا سۇ بىلەن قايىنتىپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

ھەممىمىزگە ئايان، شىنجاڭ قىممەت باھالىق ئۆسۈملۈكلەرگە باي بىر گۆھەر زېمىن. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تاغلىرىدا، دەريا ۋادىلىرىدا، چۆل - باياۋانلىرىدا قىممەت باھالىق قار لەيلىسى، قىزىل كۆكمارال، قىزىلگۈل، بادرەنجى بۇيا، دالا چاي، زەپە، ئالقات، ئېگىر، زىرە، ئارپىبەدىيان، سوغۇرگۈل قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ.

مىلادىيە 659 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «يېڭىدىن رەتلەنگەن دورىلار قامۇسى» ناملىق ئەسەرگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدىغان بىر يۈز ئون تۆت خىل دورا ۋە ئۆسۈملۈك كىرگۈزۈلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق دورىگەر ئالىمى لى شىجېن يازغان «ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق كىتابتا شىنجاڭدىن چىقىدىغان يۈز خىلدىن كۆپ ئۆسۈملۈك ۋە دورا تونۇشتۇرۇلغان.

چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن باشلاپ ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىدىغان چايلارنىمۇ رايونىمىزغا كىرگۈزگەن. مىلادىيە 5 — 8 - ئەسىرلەرگە ئائىت مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، شۇ دەۋرلەردە چاي ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن كۆپلەپ سېتىۋېلىنغان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يېزىلغان «پەڭ چىجىنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنىڭ بايانى» ناملىق ئەسەرنىڭ 6 - بابىدا: «ئۇيغۇرلار ھەر قېتىم جۇڭگو خاقانىنىڭ سارىيىغا كەلگەندە، ئېسىل ئاتلىرىنى چايغا ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيالىق كۆپلىگەن سودىگەرلەر چاڭئەن شەھىرىگە بېرىپ، چاي دۇكانلىرىنى ئېچىپ، جۇڭگونىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان چايلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز قوللىرىغا كىرگۈزىۋالغان[①]. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە، رايونىمىزغا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگۈزۈلىدىغان چايلارنىڭ تۈرى كۆپەيگەن. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىپەك، چاي قاتارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى بولغان. ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل يىپەك، ئات، چاي سودىسى تېخىمۇ جانلانغان. سودىغا ماھىر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان يىپەك، چاي ۋە ئۆز تۇپرىقىدىن چىققان ئات، تېرە، مېۋە - چېۋە، خۇش پۇراقلىق ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىنى باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، چاي سودىسىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان.

19 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىن رۇسىيىگە چىقىرىلغان ماللار ئىچىدە چاي توقسان پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل ئەھۋال تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆز تۇپرىقىدا ئۆسىدىغان ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى ئۆز مىللىي تېبابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەم چايلىق، ھەم شىپالىق رولغا ئىگە ھەرخىل ئىچىملىك - چايلارنى ياساپ، ئىستېمال قىلغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن چايلارنىمۇ ئىستېمال قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا يېڭى بىر مەدەنىيەت — چاي مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن ۋە بارا - بارا مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن.

---

① ئابلەت خوجايېف: «بۈيۈك يىپەك يولى»، تاشكەنت، 2007 - يىلى نەشرى، 188 — 189 - بەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتىگە ئائىت تۆۋەندىكى بايانلارغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

بىرىنچى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار بىلەن خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم نوپۇزلۇق كىتابلاردىكى تارىخىي بايانلارمۇ ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگلار تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا بىر قىسىم قەبرىلەرنى قېزىش جەريانىدا 187 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چاي سۇنۇۋاتقان ئاياللارنىڭ رەسىمى سىزىلغان بىر پارچە يىپەك رەخت تاپقان. جۇڭگو ئالىملىرى ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ رەسىمنى 7 - ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ بېكىتكەن. شۇ ئاساستا ئارخېئولوگلار 7 - ئەسىردە تۇرپاندا چاي بىلەن مېھمان كۈتۈش ئادىتى بولغان دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان[1].

«يىپەك يولىدىكى سودا تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 496 - بېتىدە يەنە: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا چاي ئىچىش ئادىتى بار ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار كۆپرەك گۆشلۈك ۋە ياغ تەركىبى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان، سۈت قوشۇپ تەييارلانغان چاي دەملىمىسى (ئەتكەنچاي — ئا) ئەنە شۇ گۆشلۈك تائاملارنى ھەزىم قىلىشتا، ئورگانىزملارغا يېغىلىپ قالغان ماي، كېرەكسىز ماددىلارنى پارچىلاپ ئازايتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردا سۈت بىلەن چاي ئىچىش كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇنداق چاي ئۇلارنىڭ تىلىدا «ئەتكەنچاي» دەپ ئاتالغان[2].

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى چايسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەشرەپ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق ۋە سەنئەت مەكتىپى. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 - توم، 593 - بېتىدە «sugdiq» دېگەن سۆزنى: «قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ» دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز قاراخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇنلا مەشرەپ ئويناپ كەلگەن. ھازىر دولانلىقلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەشرەپلەردىكى ئاللا، ئاللا دەپ توۋلاشلار، مەشرەپ ئۇسسۇلىدىكى ئۈچلۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار مەشرەپ تارىخىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۈچلۈك تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇ مەشرەپلەردە قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا چاي تۇتۇشۇپ مەشرەپ بېيىتلىرىنى ئېيتىدۇ، بۇ ئادەت تاكى بۈگۈنگىچە مەۋجۇت. بۇ چاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى تۆۋەندىكى مىسرالارمۇ بىزنىڭ چاي مەدەنىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك:

4620. كىشى مەن دېگۈچى ئادەم بالىسى،
كېرەك بىلسە ئىسسىق - سوغۇق قايسى.

① «يىپەك يولىدىكى سودا تارىخى»، لەنجۇ، 1997 - يىلى نەشرى، 419 — 420 - بەت (ئابلەت خوجايېۋ: «بۈيۈك يىپەك يولى: مۇناسىۋەتلەر ۋە تەقدىرلەر»، «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»، دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت، 2007 - يىلى نەشرى، 189 - بەتتىكى نەقىلدىن).

② يۇقىرىقى مەنبە، 188 - بەت.

4621. مىزاجغا ياقىقاننى بىلىپ يېگۈلۈك،
مىزاجغا ياقمىسا، ئۇنى قويغۇلۇق.

4622. سوغۇقلۇقنى ئىچ ئاشسا ئىسسىق ئەگەر،
سوغۇقلۇق ئەگەر ئاشسا ئىسسىق تۇزەر.

4624. ياشلىق قىرىقتىن ئېشىپ، كۈن، ئاي بولسا كۈز،
ئىسسىق نەرسە بىرلە مىزاجىڭنى تۈز.

4625. يېشىڭ بولسا ئاتمىش، ۋاقتىڭ بولسا قىش،
ئىسسىقلىق قىل، تۇتما سوغۇقلۇقنى ئەش.

گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى مىسرالىرىدا چاي ئىچىش مەسىلىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقاندا، ئۆزىگە ئىسسىقلىق قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتكەن. بۇ ئىسسىقلىق نەدىن كېلىدۇ دېگەندە، بىرى ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەردىن، يەنە بىرى تەبىئىتى ئىسسىق ئۆسۈملۈكلەردىن دەملەنگەن چايدىن كېلىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ يېمەكلىك ۋە چاي ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەن ساقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلاردا مىجەزى ئىسسىق بولۇش تەن ساقلىقنىڭ، ئوغۇل بالىلىقنىڭ ۋە كۈچ-تۆگۈرلۈكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار مەيلى شەھەردە بولسۇن، مەيلى يېزا - قىشلاقلاردا بولسۇن، بەدەنگە ئىسسىقلىق كەلتۈرىدىغان چايلارنى ئەتىۋارلاپ ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ھەكىمى سۇلتان ئەلى تەرىپىدىن 1520 — 1533 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان «دەستۇرۇل - ئىلاج» («داۋالاش دەستۇرى») ناملىق تېبابەتچىلىك ئەسىرىدە «قىش كۈنى ئىسسىق ئىچىش، ياز كۈنى سوغۇق ئىچىش كېرەك، بەدىيان ئۇرۇقى سۈيىنى ۋە بەدىيان كۆكىنىڭ سۈيىنى ئىچسە تەشنالىقنى پەسەيتىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن خەلقىمىزدە بۇرۇندىن باشلاپلا قىشتا ئىسسىق، يازدا سوغۇق چاي ئىچىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چاينى پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتىغا قاراپ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

بەشىنچى، خوجىلار دەۋرىدە ياشىغان تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇر شائىرى ۋە ئالتە شەھەر خانلىقىنىڭ خانى خوجا جاھان (ياقۇپ) ئەرشى (1685 — 1756) «دىۋانى ئەرشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا بىزگە ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىگە ئائىت تۆۋەندىكىدەك قىممەتلىك مىسرالارنى قالدۇرۇپ كەتكەن:

بۇ شۇۋەنى مەنزۇر تۇت، ئەي يارى نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نىئمەت ئەزىمايى ئەزىم.

قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەيىى قەدىم،
چىنە بىلەن چاي، چايجۇش، چىلىم.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان چىنە، چاي، چۆگۈن قاتارلىقلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاي مەدەنىيىتى ھەققىدە بەلگىلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئالتىنچى، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە» دەپ ئالاھىدە تەرىپلەنگەن، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇس — ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرى بولغان «چەھەرگاھ» مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن تېكىستلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى ئۇچرىتىمىز:

ئىلچىنىڭ بازىرىدا بىرمۇنچە ئەلدىن پۇل تىلەپ،
گوشۇ ياغۇ چاي بىلەن ھەفتجۇش قازان كەلتۇرمىشەم.

يەتتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتىگە ماس ھالدا بىر يۈرۈش چاي سايمانلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن مۇھىملىرى: چاي قازىنى، چاي چۆگۈنى، قۇم چۆگۈن، ساماۋەر، چەينەك، چاي قۇتىسى، چاي خالتىسى (چايپەش)، چەيناكپاي (چەينەكنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان تەگلىك)، چاي تۇتقۇ، ساپال قاچا (ھېجىر)، چاي چۆچىكى (چارى — خوتەن دىئالېكتىدا)، پەتنۇس، نوگاي قاتارلىقلار.

قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇزېيلاردا، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيىدا، شەخسلەر قولىدا ئەجدادلىرىمىز چاي قايناتقاندا ئىشلەتكەن بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە چوڭ ـ كىچىك چۆگۈنلەر ساقلانماقتا. مەن 1997 ـ يىلىدىن بېرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردىكى ئىزدىنىشىمدىن شۇنداق يەكۈنگە كەلدىمكى، شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى چاي ساقلاشتا كەشتىلىك چايپەش بىلەن چاي قۇتىلىرىنى ئىشلەتكەن. بۇ خىل بۇيۇملاردىن ئون نەچچىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئادەمنى ئۇيغا سالىدىغىنى شۇكى، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان مىلادىيە 6 — 7 ـ ئەسىرگە ئائىت ياغاچ قۇتا، 1995 ـ يىلى لوپنۇردىن تېپىلغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 5 ـ ئەسىرگە ئائىت ياغاچ قۇتا، پىچاننىڭ تۇيۇقتىن تېپىلغان مىلادىيە 8 — 9 ـ ئەسىرگە ئائىت رەڭلىك ياغاچ قۇتىلارنىڭ شەكلى ھازىرقى چاي قۇتىلىرىغا ئوپمۇئوخشاش بولۇپ، بۇلار ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە ئىشلەتكەن چاي قۇتىلىرىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر①.

سەككىزىنچى، خۇددى كۆڭزى: «ئىسىم ئىگىسىدىن كېلۇر» دېگىنىدەك، ئۇيغۇرلار تارىختا چاي مەدەنىيىتىدىن دالالەت بەرگۈچى خاسىيەتلىك يەر ـ جاي ناملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، چاي بازىرى مەھەللىسى، چايچاز جىلغىسى، چايئون كەنتى، چايخالتا كارىزى، چايخانا كەنتى، چايلار كەنتى، چايلىق قاتارلىقلار.

---

① «جۇڭگو شىنجاڭ قەدىمكى سەنئەت جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتابنىڭ 7 ـ قىسىم 43 ـ، 106 ـ، 126 ـ بەتلىرىدىكى سۈرەتلەرگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

3

ئۇيغۇر خەلقى چايخۇمار خەلق. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى، ھېيت - ئايەملىرىنى، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلىرىنى، مېھماندارچىلىق، تۈرلۈك مەشرەپ - بەزمە، سەيلىلىرىنى چايسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار تۈرلۈك سورۇنلارغا ماس كېلىدىغان چاي تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى دەملەشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلاردا ھازىرچە كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان چايلارنى ماتېرىيال مەنبەسى ۋە سۈپىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سۈتلۈك چايلار، دورىلىق چايلار، مېۋە، مېۋە قېقى - مېغىزى دەملەنمىسى، قەنت چايلار، غازاڭ چايلار ۋە باشقىلار دېگەن ئالتە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## بىرىنچى، سۈتلۈك چايلار

ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك ھايۋانات، ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆشلىرىنى ئوزۇق قىلغاندىن باشقا، يەنە ھايۋانات سۈتلىرىنىمۇ ئىستېمال قىلغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئاق رەڭگە تېۋىنىش، ئاق نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى شەكىللەنگەن. مانا شۇ مەزگىللەردىن باشلاپ ئەجدادلىرىمىز سۈتنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

سۈتلۈك چاي ئادەتتە كالا سۈتى، قوتاز سۈتى، ئۆچكە سۈتى، قوي سۈتى قاتارلىقلار ئاساسىي خورۇچ قىلىنىپ تەييارلىنىدىغان چاي بولۇپ، ئادەتتە كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۈت مۆتىدىل تەبىئەتلىك بولۇپ، تەركىبىدە ياغ، ئاقسىل، كالىي، كالتسىي، فوسفور، ناترىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، مىس، يود، ۋىتامىن گۇرۇپپىسىدىكى كۆپ خىل ئېلېمېنت قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك ھەرخىل ئېلېمېنتلار بار. سۈت تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، تېرىنى پارقىرىتىش، مېڭە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان سۈتلۈك چايلار تۆۋەندىكىچە:

*1. ئەتكەنچاي*

خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا (618 — 907) ئەتكەنچاينى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقى مەلۇم.

خورۇچلار: پىشىشق سۈت، دەملەنگەن قارىچاي، تۇز، خام قايماق، سېرىقماي قاتارلىقلار.

دەملەش ئۇسۇلى: 1) چەينەكنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا چاي سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇنى قۇيۇپ، بەش - ئون مىنۇت دەملەيمىز.

2) دەملەنگەن چاينى جاۋۇر ياكى كورىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە پىشىشق سۈتنى قۇيۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، خام قايماق ۋە سېرىقماي سېلىپ تەمىنى تەڭشەيمىز.

ئالاھىدىلىكى: رەڭگى قىزغۇچ، ئىچىشلىك، تەمى ئۆزگىچە بولۇپ، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

*2. سۈتلۈك تۇخۇم چاي*

خورۇچلار: يېڭى تۇخۇم، پىشىشق سۈت، دەملەنگەن قارىچاي، ھەسەل قاتارلىقلار.

دەملەش ئۇسۇلى: تۇخۇمنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن، بىر قاچىغا چېقىپ، قوچۇيمىز. سۈتنى ئايرىم قاچىدا قاينىتىپ، تۇخۇمنىڭ ئۈستىگە قۇيۇپ ئارىلاشتۇرىمىز، ئاندىن دەملەنگەن قىزىق چاينى قۇيۇپ، ئازراق ھەسەل قۇيۇپ ئارىلاشتۇرىمىز.

ئالاھىدىلىكى: تەركىبىدە ۋىتامىنلار كۆپ بولۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

*3. سۈتلۈك مېغىز چاي*

خۇرۇچلار: بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ھەسەل، يېڭى سۈت، قارىچاي قاتارلىقلار.

دەملەش ئۇسۇلى: ياڭاق، بادام مېغىزلىرىنى قايناق سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ پوستىنى سويۇۋېتىپ، ھاۋانچىدا يانجىپ شىرنە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ چىنىگە ئالىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا ئازراق ھەسەل قوشۇپ، ئۈستىگە چەينەكتە دەملەنگەن قىزىق سۈتلۈك چاينى قۇيۇپ قوچۇيمىز.

ئالاھىدىلىكى: ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## ئىككىنچى، دورا چايلار

دورا چايلار مەلۇم دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە ھەرخىل ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۇرۇقى، چېچىكى، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ياكى يىلتىزى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىكنى كۆرسىتىدۇ.

دورا چايلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئومۇمەن ھاردۇق چىقىرىش، قەۋزىيەتنى داۋالاش، سوغۇقتىن بولغان بوغۇملاردىكى يەللەرنى ھەيدەش، يەل سانجىقىنى بوشىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، مېڭە، جىگەر، تال، يۈرەك، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش قاتارلىق رولى بار. دىيارىمىزدىكى ئۆمۈر چولپانلىرى ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇشىدا چاي دورىسىدىن ئايرىلمىغان. ئۇلار كېسەل بولغان ياكى مىزاجى بۇزۇلغان چاغلاردا بىر ياكى بىرنەچچە خىل قۇرۇتۇلغان دورىلىق ئوت ـ چۆپنى دەملەپ ياكى قاينىتىپ ئىچىپ، كېسەلنى داۋالاپ، مىزاجىنى تەڭشەپ كەلگەن.

دورا چايلارنى تەييارلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئاددىي دورا چاي ۋە مۇرەككەپ دورا چاي دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

*1. ئاددىي دورا چاي*

ئاددىي دورا چاي مەلۇم بىر خىل دورىلىق ئوت ـ چۆپ خام ئەشيا قىلىپ دەملىنىدىغان چايلاردۇر. شۇڭا، ئۇنى «يەككە خۇرۇچلۇق دورا چاي» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئاددىي دورا چايلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

گۈلچاي: بۇ قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان بەرگىلىرى سېلىنىپ دەملىنىدىغان چايدۇر. قىزىلگۈل بەرگىلىرى بولمىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، بىخشى قاتارلىقلاردىن دەملەشكىمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاينىڭ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، ھىدى ئالاھىدە خۇش پۇراقلىق بولىدۇ. گۈلچاي دەملەشتە چەينەككە ئىككى ـ ئۈچ گرام گۈل بەرگىسى سېلىنىپ، ئۈستىگە ئىككى جىڭ قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ، ئارقىدىن چەينەك ئۈستىگە چاي قالپاق كىيدۈرۈلۈپ بەش مىنۇت ئەتراپىدا دەملىنىدۇ.

بۇ چاي يۈرەك، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، ئۈچەي قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل چاي بىلەن كېسەل داۋالىماقچى بولسا، سېلىنىدىغان گۈل بەرگىنىڭ مىقدارى ئون گرام ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. بۇ چاي گۈل خەمىكى بىلەنمۇ دەملىنىدۇ، بۇ بالىياتقۇ كېسەللىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

پىننە چاي: بۇ پىننىنىڭ يوپۇرماق، غول ـ بىخشلىرى سېلىنىپ دەملىنىدىغان چاي بولۇپ، بۇ خۇرۇچلارنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ، قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ چاينىڭ رەڭگى كۆكۈچ سېرىق، ھىدى ئالاھىدە خۇشبۇي بولىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەپ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ. گۈلچاي دەملىگەنگە ئوخشاش دەملىنىدۇ.

رەيھان چېيى: بۇ چاي تاغ رەيھىنىنىڭ گۈل، يوپۇرماقلىرى سېلىنىپ دەملىنىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل، خۇش پۇراقلىق، تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. نەپەس يولى ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ، پۇراش سېزىمىنى ئاشۇرىدۇ، كۆڭۈلنى خۇشخۇي قىلىدۇ. بۇ خىل چايمۇ گۈلچاي دەملىگەنگە ئوخشاش دەملىنىدۇ.

ئاددىي دورا چاينىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، سېرىقچېچەك، بابۇنە، بادرەنجى بۇيا، ئەتىرگۈل، ئېگىر، بەدىيان، زىرە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقى، يىلتىزى ياكى گۈل چېچەكلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدىنمۇ چاي دەملەشكە بولىدۇ.

*2. مۇرەككەپ دورا چايلار*

مۇرەككەپ دورا چايلار بەدەننىڭ مىزاج تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ، ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتىدە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل دورىلىق ئوت - چۆپلەرنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ ياسالغان چايلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇرەككەپ دورا چايلار ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىگە قاراپ مۆتىدىل دورا چايلار، ئىسسىق دورا چايلار، سوغۇق دورا چايلار، مەخسۇس دورا چاي دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي دورا چايلارنىڭ چايلىق خۇسۇسىيىتى ئاساسىي ئورۇندا، دورىلىق رولى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىستېمال دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس. مۇرەككەپ دورا چايلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى — مىزاج تەڭشەش، كېسەلنى داۋالاش رولى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، چايلىق رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۆتىدىل چاي دورىسىنى ئىچىش خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. دورا چاينىڭ ھەرقاندىقىنى ئايرىم دەملەپ ئىچىشكىمۇ، باشقا چايلار بىلەن قوشۇپ دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، مېۋە، مېۋە قېقى، مېغىز دەملەنمىسى**

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ھەرخىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىكىپ باغ - ئورمان بىنا قىلىشنى، ئۇلارنى ئاسراشنى بىر خىل ئەقىدىگە ئايلاندۇرغان، ھەرخىل دەرەخلەرنى ئۇلۇغلىغان، ھەتتا ئۇلاردا ئۇجمە، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈشنى ساۋاب ئىش دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلاردا باغ - ئورمان بىنا قىلغان. ئەجدادلىرىمىز باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا مېۋىلەرنى ھۆل پېتى يېگەندىن باشقا ئۇلارنىڭ ئەتلىرىنى قۇرۇتۇپ، مېغىزلىرىنى يانجىپ تۈرلۈك شىپالىق چايلارنى ياساپ ئىچىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن.

مېۋە - مېۋە قېقى، مېغىزى دەملەنمىسىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: ئۆرۈك قېقى چېيى، ياڭاق چېيى، ياڭاق پاسىلى چېيى، ئۆرۈك مېغىزى چېيى، ئالما قېقى چېيى، شاپتۇل قېقى دەملەنمىسى، شاتۇت قېقى دەملەنمىسى، شاپتۇل مېغىزى دەملەنمىسى، چىلان چاي، قارىئۆرۈك قېقى دەملەنمىسى، ئەينۇلا - ئامۇت قېقى دەملەنمىسى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى چېيى، دولانا دەملەنمىسى قاتارلىقلار.

تۆۋەندە ئۇلاردىن بىرقانچىنى كۆرۈپ باقايلى:

*1. ئۆرۈك قېقى چېيى*

خۇرۇچلار ۋە تەييارلاش ئۇسۇلى: ئۆرۈك قېقى چېيى (چۇلە) خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان ئىچىملىك بولۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سورتلۇق ئۆرۈك قېقى پاكىز يۇيۇلۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناق سۇدا بىر كېچە دەملىنىدۇ.

ئالاھىدىلىكى: سەپرانى پەسەيتىپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، سەپرادىن بولغان تال، جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

*2. ياڭاق چاي*

خۇرۇچلار: يېڭى ياڭاق مېغىزى، قارىچاي.

دەملەش ئۇسۇلى: يېڭى ياڭاق مېغىزىنى قايناقسۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، پوستىنى سويۇۋېتىپ، ھاۋانچىدا سوقۇپ، شىرنە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ چىنىگە ئالىمىز. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قېنىق دەملەنگەن قىزىق قارىچاي قۇيۇپ چوكا بىلەن قوچۇيمىز. ئۇنى نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن ئىچىشكە بولىدۇ.

ئالاھىدىلىكى: يۈرەك، مېڭە، بۆرەك، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەدەننى

سەمرىتىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىزلاش، ئىشتىھاسىزلىق، ماغدۇرسىزلىق، بەل ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، ئۆپكىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

*3. چىلان چاي*

خۇرۇچلار: يېڭى چىلان، قارىچاي.

دەملەش ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناقسۇغا مۇۋاپىق مىقداردا پاكىز يۇيۇلغان چىلان سېلىپ، ئۇنى سۇس ئوتتا چىلاننىڭ تەمى چىققۇچە قاينىتىمىز؛ ئارقىدىن ئوتتىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارىچاي سېلىپ بىرنەچچە مىنۇت دەملەيمىز.

ئالاھىدىلىكى: ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى يېنىكلىتىدۇ، قاننى تازىلاپ، يەلنى ھەيدەيدۇ، قان كۆپەيتىدۇ، قان بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

## ئۈچىنچى، قەنت چايلار

قەنت چايلار سۈت چاي، دورا چاي ياكى غازاڭ چايلارغا تاتلىق خۇرۇچلار قوشۇلۇپ تەييارلىنىدىغان چايلارنى كۆرسىتىدۇ. قەنت چايلارنى دەملەشتە ئاساسەن ناۋات، ھەسەل، قەنت ـ شېكەر قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىۋاستە چەينەككە سېلىنماستىن، چىنىگە سېلىنىپ، ئۈستىگە ئازراق قارىچاي سېلىنىدۇ ۋە قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ؛ ئارقىدىن ئۈستىگە تەخسە يېپىلىپ دەملىنىدۇ. بەزىدە تاتلىق خۇرۇچلار باشقا چاي خۇرۇچلىرى بىلەن بىللە بىۋاستە چەينەككە سېلىنىپ دەملىنىدۇ. قەنت چايلارنىڭ تەمى ئاساس، رەڭگى قوشۇمچە بولىدۇ، شۇڭا قەنت چايلار ئۇلارغا كېتىدىغان تەم خۇرۇچلىرىنىڭ نامىغا ئاساسەن ناۋات چاي، ھەسەل چاي، قەنت چاي، شېكەر چاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## بەشىنچى، غازاڭ (يوپۇرماق) چايلار

غازاڭ (يوپۇرماق) چاي دېگەندە، ئادەتتە چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان ھەرخىل چايلارنى كۆرسىتىدۇ. غازاڭ چايلار ئۇيغۇرلار ئارىسىغا خېلى بۇرۇنلا تارقالغان. ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان غازاڭ چايلار تۆۋەندىكىچە:

*1. قارىچاي*: بۇ چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماق ۋە بىخشلىرى مەلۇم ئۇسۇلدا ئېچىتىلىپ، پىشۇرۇلۇش شەكلىدە ھەرخىل چوڭلۇقتا ياسالغان چاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل چاي قوڭۇر رەڭلىك، خۇش پۇراقلىق، تەملىك بولۇپ، قايناقسۇدا دەملەنگەندىن كېيىن سۈيى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە، شامىسى قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ «قارىچاي» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل چاينىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش رولىغا ئىگە.

*2. كۆكچاي*: بۇ خىل چاي چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگىنى قىزدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، رەڭگى كۆكۈچ ياكى سارغۇچ كېلىدۇ. بۇ خىل چاي پۇرىقى كۆچلۈك، تەمى ساپ، دەملەنگەندىن كېيىن سۈيى سۈزۈك، شامىسى يېشىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، تەبىئىتى سوغۇق، كۆپىنچە ئىسسىق مىجەز كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ.

خوجىلار دەۋرىدە ياشىغان شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا كۆكچاينى «دارۇلار (دورىلار) پادىشاھىدۇر كۆك چاي» دەپ تەرىپلىگەنلىكىگە قارىغاندا، بۇ خىل چاي ئۇيغۇرلار ئارىسىغا خېلى بۇرۇن تارقىلىپ، ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

*3. قىزىل چاي*: يوپۇرماقلىرىدىن مەخسۇس قىزىل چاي ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان ئوتتۇز نەچچە خىل چاي دەرىخىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق يۇمران يوپۇرماقلىرى خام ئەشيا قىلىنىپ، ئېلغار ئۇسكۇنىلەردىن پايدىلىنىپ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇ چاي دەملەنگەندىن كېيىن، سۈيى ۋە شامىسى

قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇ خىل چاي تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، سوغۇق مىجەزلىك، كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خەلقىمىز پەمىل چاي، ئاقچاي، دومچاي، تاشچاي قاتارلىقلارنىمۇ ئىستېمال قىلىدۇ.

**ئالتىنچى، باشقىلار**

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چايلاردىن باشقا يەنە، خەلقىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا نۇرغۇن چايلارنى ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇرۇچلىرى ئالاھىدە بولۇپ، بۇ تۇرگە تەۋە بولغان چايلارنىڭ مۇھىملىرى: ساماۋەر چېيى، تۇخۇم چاي، شورپا چاي، قۇۋۋەت چاي، ھۆمەلچاي، ئېگىر چاي، زاراڭزا چېچىكى چېيى، قەلەمپۇر چېيى قاتارلىقلار.

*1. تۇخۇم چاي*

خۇرۇچلار: يېڭى تۇخۇم (ئادەتتە بىر ئادەمگە بىر تۇخۇم يېتەرلىك) تۇز، دەملەنگەن قارىچاي.

دەملەش ئۇسۇلى: تۇخۇمنى بىر قاچىغا چېقىپ قوچۇغاندىن كېيىن، ئۈستىگە تۇز سېلىپ، دەملەنگەن قارىچاينى قۇيۇپ، چوكا بىلەن قوچۇيمىز، بۇ چاغدا تۇخۇم پىشىپ سارغۇچ، قويۇق ھالەتكە كىرىدۇ.

ئالاھىدىلىكى: ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئىچىشلىك، سىڭىشلىك.

*2. شورپا چاي*

خۇرۇچلار: قارىچاي، سېمىز قوي گۆشى ياكى يىلىكى، تۇز.

دەملەش ئۇسۇلى: قوي يىلىكى ياكى بىر پارچە سېمىز قوي گۆشىنى چەككە سېلىپ، تۇز قۇيۇپ سۇدا قاينىتىمىز. گۆش ياكى يىلىكنىڭ تەمى چىقىپ شورپا پىشقاندا، مۇۋاپىق مىقداردا چاي سېلىپ، چەينەكنى ئوتتىن ئېلىپ، قىزىق جايدا بىر نەچچە مىنۇت دەملەيمىز.

ئالاھىدىلىكى: تەملىك، مايلىق، سۈيدۈكنى ئازايتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇقنى ھەيدەيدۇ، ھاۋا سوغۇق چاغلاردا ئىچىشكە ماس كېلىدۇ.

*3. قۇۋۋەت چاي*

خۇرۇچلار: قارىچاي، ياڭاق مېغىزى، ئالقات، ناۋات، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم، دارچىن قاتارلىقلار.

دەملەش ئۇسۇلى: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خۇرۇچلاردىن ناۋات بىلەن قارىچايدىن باشقىلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇپ، چەينەككە سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، سۇس ئوتتا بىر نەچچە مىنۇت قاينىتىمىز؛ خۇرۇچلارنىڭ تەمى چىققاندا، چەينەككە ناۋات بىلەن قارىچاينى سېلىپ، بىرنەچچە مىنۇت دەملەپ، پىيالە بىلەن بىرنەچچە قېتىم سورۇيمىز.

ئالاھىدىلىكى: بۆرەك ـ ئاشقازان ئاجىزلىقى، بەل ـ پۇت سىرقىراپ ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇپلا قالماي، يەنە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھنى ئۇرغىتىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
2. ھەكىم سۇلتان ئەلى: «دەستۇرۇل ـ ئىلاج» («داۋالاش دەستۇرى»).
3. مۇھەممەتئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
4. تۇراخۇن توختى: «چاي ۋە سالامەتلىك»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
5. يۇنۇس ھەمدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇن تائاملىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
6. مۇھەممەتئىمىن ئابلىمىت: «ئۇيغۇر چاي دورىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
7. ئابلەت خوجايېق: «بۈيۈك يىپەك يولى: مۇناسىۋەتلەر ۋە تەقدىرلەر»، «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيىسى»، دۆلەت ئىلمىي نەشرىياتى، تاشكەنت، 2007 ـ يىلى نەشرى.
8. ئابدۇرەشىد سابىت، تۇردى ناسىرلار تۈزگەن: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر نامىلىرى لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.


(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)




توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتجان ئىسمايىل پۇناقىي

## سودىگەر بىلەن تېۋىپ

بۇرۇنقى زاماندا، گۈزەل بىر شەھەردە بىر سودىگەر بىلەن بىر تېۋىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ياش جەھەتتە تەڭ دېمەتلىك ئىكەن. سودىگەر سودىغا پۇختا، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان كىشى بولۇپ، شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق ئىكەن. شۇڭا، شەھەردىكى ئامبال، قازى، بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلەيدىكەن. تېۋىپ بولسا كېسەل داۋالاش ماھارىتى يۇقىرى، ئاجىز، مۇساپىر، غېرىبلار ئۈچۈن خەير - ئېھساننى ئايىمايدىغان ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودىگەر بازاردا تېۋىپنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن مۇشۇ شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق، بىرىمىز سودىگەرچىلىك، بىرىمىز تېۋىپلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇق. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەر ئىككىلىمىز قېرىپ مۈكچىيىپ قاپتۇق. ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا قايسىمىزنىڭ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە بەكرەك سازاۋەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ باقساق دەيمەن. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز، تەقسىر؟ — دەپتۇ.

تېۋىپ سودىگەرنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن گۇۋاھچى تېپىپ، بازارغا كەپتۇ. ۋە كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ناھايىتى ئاۋات بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ. ئاشپۇزۇل خوجايىنى سودىگەرنى يۇقىرى قەۋەتتىكى ئايرىمخانىغا، تېۋىپنى بولسا تۆۋەن قەۋەتتىكى ئاددىي ئورۇنغا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن سودىگەر كۆرەڭلەپ، تېۋىپنى مازاق قىپتۇ. بىراق، تېۋىپ بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ئاشپۇزۇلغا بىر قۇر سەپسېلىپ، بۇ يەرنى مەينەتچىلىك قاپلاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، كىشىلەرگە بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىشنى ئېيتىپلا كېتىپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، بۇ شەھەردە تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيۋاقا، مال - چارۋىلىرى كۆيۈپ كېتىپتۇ. شۇ قاتاردا سودىگەر بىلەن تېۋىپنىڭ ئۆيۋاقا، مال - مۈلۈكلىرىمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ۋەقەدىن كېيىن ئوردىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ زىيىنىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بېرىشكە كەلگەن ئەمەلدار، سودىگەردىن زىيان ئەھۋالىنى سوراپتۇ. سودىگەر

هۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۆي-ۋاقا، دۇكان، - ماللىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگىدى، ئىسسىق جېنىمدىن باشقا ھېچنېمەم قالمىدى — دەپتۇ.

ئەمەلدارلار تېۋىپتىن سورىغانىكەن، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن بارلىق كىتاب، دورا - دەرمەكلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۆيۈممۇ كۆيۈپ كەتتى. بىراق، ھېچقىسى يوق، چۈنكى تېبابەت ئىلمى كاللامغا قاچىلاقلىق، مەن شۇنىڭغا تايىنىپ يەنە ياشاپ كېتەلەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا سودىگەرگە قۇتقۇزۇش پۇلى بەرگەنىكەن، ئۇ ھەممىسىنى ئاپتۇ. تېۋىپ بولسا قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئالماستىن، ئۇنى ئاجىز، مىسكىنلەرگە بېرىشنى ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سودىگەر قۇتقۇزۇش پۇلىنى دەسمايە قىلىپ سودا قىلىپ، يەنە نۇرغۇن مال دۇنياغا ئېرىشىپتۇ. تېۋىپمۇ ھۈنىرىگە تايىنىپ كۈنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە سودىگەر بىلەن تېۋىپنىڭ ئەجىلى توشۇپ، تەڭرى ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئەزرائىلنى ئەۋەتىپتۇ. ئەزرائىل ئۇلارغا تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە قارىتا قانداق پىكرى بارلىقىنى سوراپتۇ. سودىگەر ھۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ماڭا بۇ ئۆلۈم بەك بالدۇر بوپقالدى، تەڭرىگە ئېيتقان بولسىلا ماڭا يەنە ئۈچ يىل ئۆمۈر ئاتا قىلغان بولسا، — دەپتۇ. تېۋىپ بولسا:

— مەن تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە مىڭ مەرتىۋە رازى، بىراق مەن يېقىندىن بېرى بىر يېتىم ئوغۇلنىڭ كېسىلىنى داۋالاۋاتاتتىم. مۇمكىن بولسا، تەڭرىم ئاشۇ يېتىمنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ماڭا يەنە ئۈچ كۈن ھاياتلىق بەرسە دەپتۇ.

ئەزرائىل ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى تەڭرىگە يەتكۈزۈپتۇ. تەڭرى شۇ ھامان ئەزرائىل ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ دەرگاھىغا ھازىر بولۇشنى ئەمر قىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىز توپان بالاسى يۈز بېرىپ يۇرتنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. سودىگەر بىلەن تېۋىپ بۇ چاغدا ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى بىردىن كېمىگە بېسىپ، قۇرۇقلۇققا قاراپ ئۈزۈپتۇ. سودىگەر كېمىگە لىققىدە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت قاچىلىغاچقا، ھەرقانچە كۈچەپ پالاق ئۇرغان بولسىمۇ، جىددىي ئېقىنغا بارغاندا كېمە ئۆرۈلۈپ ھەممە بايلىقى سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. تېۋىپ بولسا كېمىنىڭ پالاقىنى يەڭگىل ئۇرۇپ بىردەمدىلا قۇرۇقلۇققا چىقىۋاپتۇ ۋە تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بالدۇر يېتىپ كەپتۇ. تەڭرى تېۋىپنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي بەندەم، سېنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسەڭ نېمە؟ ئۇنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تېۋىپ قولىدىكى بىرنەچچە پارچە كىتاب بىلەن بېشىنى كۆرسىتىپ:

— مېنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىم مۇشۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكىسى بىلىم، ئەقىل - پاراسەت، — دەپتۇ.

سودىگەر كېچىككەنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق قول كەپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭدىن رەنجىپ:

— سېنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسەڭ نېمە؟ ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. سودىگەر:

— مېنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسەم ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيا ئىدى. مەن ئۇلارنى كېمىگە بېسىپ يېرىم يولغا كەلگەندە، شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كېمە ئۆرۈلۈپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولدى، — دەپتۇ. تەڭرى سودىگەرگە قاراپ:

— سەن ئۆمرۈڭدە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن مال - دۇنيا يىغىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشىدىڭ، ئاجىز، مىسكىن، يېتىملارغا ئازراقمۇ خەير - ئېھسان قىلمىدىڭ. تىجارىتىڭگە ھارام ئارىلاشتۇردۇڭ، تارازا، مېتىرنى كەم تۇتتۇڭ، يوقسۇللارنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ... شۇڭا

بەندىلىرىم سېنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈشىڭنى تىلەيدۇ، — دەپتۇ ۋە ئەزرائىلغا ئۇنى جېنىنى ئېلىپ دوزاخقا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. ئەزرائىل تەڭرىنىڭ ئەمرىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن تەڭرى تېۋىپقا قاراپ:

— سەن دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە بىلىمنى دوست تۇتۇپ، تېۋىپلىق ئىلمىڭ بىلەن بەندىلىرىمگە كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ھۈنىرىڭگە ساختىلىق ئىشلەتمىدىڭ، ئاجىز، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىدىڭ، تەكەببۇر - تەمەننادىن يىراق تۇردۇڭ، بەندىلىرىم سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭ سەۋەبلىك سەھەر - ئاخشام قىلغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىدە مېنىڭدىن ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشىمنى تىلىدى. شۇڭا، مەن سېنىڭ ئۆمرۈڭنى يەنە ئون يىل ئۇزارتىپ بېرىمەن، سەن يەنە داۋاملىق بەندىلىرىمنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلىپ، ئۇلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتقۇزغىن، — دەپتۇ.

ئاخىر سودىگەر بىلەن تېۋىپنىڭ قايسىسىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى مانا شۇنداق ئايان بوپتۇ.

## بىمەنە رەسسام

بۇرۇنقى زاماندا بىر رەسسام ئۆتكەنىكەن، ئۇ يولۋاسنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئەمدىلا يولۋاسنىڭ باش قىسمىنى سىزىپ تۇرۇشىغا بىر كىشى كىرىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاتنىڭ رەسىمىدىن بىر پارچە سىزىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا رەسسام ھېچ ئويلىنىپ تۇرمايلا قەلىمىنى شارت - شۇرت ئوينىتىپ، ھېلىقى يولۋاسنىڭ بېشىغا ئاتنىڭ ئۇستىخىنىنى سىزىپ قويۇپتۇ.

— سىزغىنىڭىز ئاتمۇ ياكى يولۋاسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى رەسسامدىن.

— سىزغىنىمنى ئات دېسىڭىز ئات، يولۋاس دېسىڭىز يولۋاس، ئىشقىلىپ بىر پارچە رەسىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ رەسسام. بۇ جاۋابتىن ئۇ كىشى نارازى بولۇپ، ئۇندىمەي كېتىپ قاپتۇ.

رەسسام بۇ رەسىمگە كۈنلەرنىڭ بىرىدە خېرىدار چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. رەسسامنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار ئات ياكى يولۋاسنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بىركۈنى چوڭ ئوغلى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ:

— دادا، تامغا ئېسىقلىق تۇرغىنى نېمىنىڭ رەسىمى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتنىڭ رەسىمى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ رەسسام ھېچ ئويلانمايلا.

يەنە بىر كۈنى كىچىك ئوغلى سورىغانىكەن، رەسسام ئاغزىغا كەلگىنىچە: «يولۋاسنىڭ رەسىمى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئات ۋە يولۋاس توغرىسىدا خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بۇ ئىككى ئوغۇل چوڭ بوپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى يۇرت كېزىپ كۆزىنى ئېچىپ كېلىش ئۈچۈن، ئايرىم - ئايرىم يولغا چىقىپتۇ. چوڭ ئوغۇل بىر جاڭگالدا كېتىۋاتقاندا يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ. لېكىن، ئۇ بۇ يولۋاسنى ئات دەپ قاراپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مىنمەكچى بولغانىكەن، يولۋاس ئۇنى ھاپلا قىلىپ يەۋېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر سەھرادا بىر ئاتقا ئۇچراپ قالغانىكەن، ئۇنى يولۋاس دەپ قاراپ، ئوقيا بىلەن ئېتىپ تاشلاپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن كىشىلەر بۇ رەسسامغا «بىمەنە رەسسام» دەپ لەقەم قويۇپتۇ.

# پادىشاھنىڭ ۋەزىر تاللىشى

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ دۆلىتىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقىسىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاتىسى ھايات چېغىدا تاللاپ بەرگەن بىر پېشقەدەم ۋەزىرى بار ئىكەن. ئۇ تولىمۇ سۆزمەن، سەزگۈر، ھازىر جاۋاب ھەم ئەقىللىق ئادەم بولغاچقا، پادىشاھ ئۇنى ئوردىدىكى باشقا ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا قارىغاندا، بەك ئەتىۋارلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ۋەزىر ئوردىدىكى ھەسەتخورلارنىڭ قەستلىشى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن ناھايىتىمۇ بەك قايغۇرۇپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ قاتىللىنى تېپىپ جازالاش ئۈچۈن قاتتىق كۈچىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشەلمەي، ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئەمما، پادىشاھ ئاشۇ سادىق ۋەزىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ ۋەزىرگە ئوخشاش ئەقىللىق، دۆلەت ئىشىغا سادىق بىر ئادەم تېپىشنى ئويلاپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىر، سىپاھ، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر «چۈش» توغرۇلۇق بىر تېپىشماق توقۇپ چىقىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا كىم توغرا تەبىر بېرەلىسە، مەيلى ئۇ باي ياكى گاداي بولسۇن، شۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەشنى، ئەگەر ۋەزىرلەر ئىچىدىن كىمدەكىم ئۇنىڭغا توغرا تەبىر بېرەلمىسە، شۇنى قاتتىق جازالاشنى قارار قىلىپ، بىر كۈنى ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالارنى ئوردىغا چاقىرىپ، شۇنداق جاكارلاپتۇ:

— ئەي تاجۇتەختىمنىڭ سادىق كىشىلىرى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرى، مەن تۈنۈگۈن كېچىدە شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ شۇنداق بىر چۈش كۆردۈمكى، تازا تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن قۇۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن سەپەرگە چىقىمىشمەن. بىز ئاۋات شەھەر، گۈزەل سەھرالاردىن ئۆتۈپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، بىر ئەزىم دەرياغا دۇچ كەپتىمىشمىز. مەنزىلگاھىمىز دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولغاچقا، ئۆتەي دەپ دەريا قېنىغا قارىسام، دەريادا نە قېيىق، نە سال، نە داغدام كۆۋرۈك يوقمىش. قۇۋم - قېرىنداشلىرىم دەرياغا كۆۋرۈك ئورنىدا قويۇلغان ناھايىتى ئۇزۇن بىر تال لىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىردا مەن ئۆتۈپتىمىشمەن. ئەي زامانىمىزنىڭ دانالىرى، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرى نېمىدۇر؟ ئەگەر كىمكى بۇ چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلىسە، كاتتا مەنسەپ - ئىنئامغا سازاۋەر بولغاي... ناۋادا كىمكى بۇ چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلمىسە، جازاغا مەھكۇم بولغاي !

پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلىغان ئوردا ئەھلى ئۈن – تىنسىز جىمىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئوردا مەسلىھەتچىسىگە قاراپ شۇنداق ئەمر قىپتۇ:

— ئەي ئوردا مەسلىھەتچىسى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىڭ بىلەن تەختىمگە تۈۋرۈك، يولۇمغا كۆۋرۈك بولۇپ كەلگەنىدىڭ. بۈگۈنمۇ كۆڭۈل ئاسمىنىمنى غۇۋالاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ چۈشنىڭ تەبىرى توغرىسىدا مەن يەنە سېنىڭ مەسلىھەتىڭگە موھتاجمەن، قېنى، ئەقىل چاقمىقىڭ بىلەن كۆڭۈل شامىمنى يورۇتقايسەن !

بۇ پەرمانىنى ئاڭلىغان ئوردا مەسلىھەتچىسى غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي جاھاندا تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك

شاھىم، جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل شامىنى غۇۋالاشتۇرغان بۇ چۈش ياخشىلىق ۋە سائادەتنىڭ ئالامىتىدۇر. ئالىيلىرى شاھلىق تەختىدە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەيلا...

بۇ تەبىردىن كۆڭلى قانائەت تاپمىغان پادىشاھ دەرھال نۆكەر چاقىرىپ، شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— ئوردا مەسلىھەتچىسى چۈشۈمگە توغرا تەبىر بېرەلمىدى، شۇڭا ئۇ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوردا دەرۋازىسىغا قاراشقا بەلگىلەنسۇن.

مەسلىھەتچى ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئوردا ئەھلىگە نەزەر تاشلاپتۇ. لېكىن ھېچكىمدىن سادا چىقماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر بىرنەچچە ۋەزىردىن چۈشىگە تەبىر سوراپتۇ. ئۇلارمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ، بەزىسى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپتۇ. نۆۋەت دۆلەت ئۇستازىغا كەپتۇ. ئۇ پادىشاھقا خىزمەت كۆرسىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇش تەمەسىدە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي دانالارنىڭ داناسى، زامانىمىزنىڭ يېگانىسى، قۇدرەتلىك شاھىم، پېقىر جانابلىرىنىڭ چۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەۋرى ھاسىسىغا تايىنىپ، تەپەككۇر چۆلىنى كېزىپ، ئەقىل بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، دانالىق مەنزىلىگە مىڭ بىر مۇشەققەتتە شۇنداق يەتتىمكى، قەلبىم ئەينىكىدە مۇبارەك چۈشلىرىنىڭ سىرى خۇددى چولپان يۇلتۇزدەك ئايان بولدى...

— ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك، — دەپتۇ پادىشاھ، — تىلىڭنى چاينىماي، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنىڭ ئۆزىنىلا سۆزلە!

— خوپ ئالىيلىرى، — دەپتۇ دۆلەت ئۇستازى قورقۇپ كەتكىنىدىن غال - غال تىترەپ، — پادىشاھى ئالەمنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، بۇ خاسىيەتلىك چۈش جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھاياتلىق مۆھلىتىدىن بېشارەتتۇر. ئالىيلىرىنىڭ لىم كۆۋرۈكتىن ئەڭ ئاخىردا ئۆتكەنلىكلىرى سىلىنىڭ ھەممە ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن كېيىن ئۆلىدىغانلىقلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ تەبىردىن دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ نۆكىرىنى چاقىرىپ شۇنداق ئەمر قىپتۇ:

— مەن شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭدەك بىر نادان، بىلىمسىز كىشىنى دۆلەت ئۇستازى دەپ ئەتىۋارلاپ كەپتىمەن. دەرھال ئۇنى تىلىغا داغمال يېقىپ، سازايى قىلىڭلار، ئۇ ئۆلگۈچە زىنداندا يېتىپ تىل ئىلمىنى ئۆگەنسۇن!

بۇ چاغدا ئوردا مەسلىھەتچىسىدىن تارتىپ، دۆلەت ئۇستازىغىچە بىرمۇنچە ۋەزىر - ۋۇزۇرالارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەقىل تاپقان بىر خىزمەتكار سۆزلەشكە ئىجازەت سوراپ، مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، مەن بىر تومپاي خىزمەتكار بولساممۇ، سىلىنىڭ چۈشلىرىگە بىر تەبىر بېرىپ باقسام...

— قېنى سۆزلە! — دەپتۇ پادىشاھ قىزىقىپ.

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، — دەپتۇ خىزمەتكار، — شاھىمىزنىڭ دەريادىن ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن كېيىن ئۆتۈپ مەنزىلگاھقا يەتكەنلىكى بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

بۇ تەبىردىن مەمنۇن بولغان پادىشاھ دەرھال بۇ خىزمەتكارغا تون - سەرپاي ئىنئام قىلىپ، ئۇنى قەستكە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى چىرا ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە)



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

توپلىغۇچى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

## تاللىۋالغان گۈلۈم بار

تاشلاپ كېتىمەن دېدىڭ،
كۆز يېشىم تارام بولدى.
بىر قېتىم سۆيۈپ قويساڭ،
بىر يىللىق ئارام بولدى.

گۈلىنىڭ تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىشكە جانان بارمۇ؟
يار ئۈچۈن مۇساپىرمەن،
تۇرارغا ماكان بارمۇ؟

يارىم چالدۇ راۋاب،
ئاڭلايمەن ئىزدەپ سوراپ.
يايرىم بىلەن بولغاندا،
سۆيىمەن قەندەك شوراپ.

ئېتىزدىكى قوناقنى
سۇ كەلگەندە تاقلايمەن.
سەن يايرىمنىڭ يولىغا
كېچە ـ كۈندۈز قارايمەن.

ئالا ئېتىڭ يامانكەن،
توم زەنجىردە باغلاپ قوي.
دەردىڭ ئەجەب يامانكەن،
ماڭا پات ـ پات قاراپ قوي.

تاللىۋالغان گۈلۈم بار،
چېكەمگە قىسالمايمەن.
بەك چىرايلىق يايرىم بار،
سۆيمىسەم تۇرالمايمەن.

ئاتارمىزا ـ ئاتارمىز،
بىر جۈپ ئالما ئاتارمىز.
ئاتا ـ ئاناڭ قوشۇلسا،
بىر تەكىيدە ياتارمىز.

ئۈزۈن بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى سۆيگىلى.
سەندىن باشقا سەتەڭگە
كۆڭۈل يوقتۇر سۆيگىلى.

ئوچاققا ئوتۇن سالدىم،
چوڭلىرىنى ئۈششاقلاپ.
يارنى سۆيدۈم دالدىدا،
گىرە سىلىپ قۇچاقلاپ.

باراي دېسەم يول ئۇزاق،
ۋاقتىدا بارالمايمەن.
يارنىڭ ئوتى گۇرۇلدەپ،
تەپتىگە چىدالمايمەن.

ئاسماندىكى تولۇن ئاي،
سىز تولۇپسىز ئەجەب ۋاي.
دەردىڭىزدە تولغىنىپ،
مەن ئەمدى قانداق چىداي.

دۇتار ئۆزى ياغاچتۇر،
مۇڭنى تۆككەن تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
كۆزىڭىزنىڭ قارىسى.

گۈل ئارىلاپ ئۈچىدۇ
نازۇك بەدەن كېپىنەك.
مېنى شۇنچە قىيىنغان
دەردى يامان سېكىلەك.

ياغقا كىرسەم ئالدىمغا
ئالما چۈشتى توككىدە.
ساۋاب ئالاي دېسىڭىز،
سۆيۈپ قويۇڭ چوككىدە.

ئاشىق بولدۇم بىر كۆرۈپ،
ئالالمىدىم بىر سۆيۈپ.
كېچە – كۈندۈز ئۇيقۇ يوق،
ياتالمىدىم چۈش كۆرۈپ.

ئۆستەڭنىڭ قېشى قاتتىق،
كەتمەن چاپسا ئۆتمەيدۇ.
يارنىڭ ئوتى يۈرەكتىن
تا ئەبەتكە ئۆچمەيدۇ.

يولدا ياتقان قاپلاننىڭ
بويىنغا زەنجىر سالاي.
ماقۇل دېسە ئانىڭىز،
سىز خېنىمنى مەن ئالاي.

قوناقلىقمۇ بىزنىڭ يەر،
كەندىرلىكمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلساق،
خەقلەر بىزنى نېمە دەر؟

ئوت تۇتاشتى يۈرەككە،
موللاق ئېتەي مەن كۆلگە.
يار يادىمغا يەتكەندە،
باغرىمنى ياقاي ھۆلگە.

مەلەڭدىن تولا ئۆتۈپ،
يولۇچى بولۇپ قالدىم.
سەن كەلمىگەچ بۇ ئاخشام،
مەن ساراڭ بولۇپ قالدىم.

باغدىكى قىزىل گۈلنىڭ
غۇنچىسى بار، گۈلى يوق.
سەن يارىمنىڭ ھەممىشە
شەپىسى بار، ئۆزى يوق.

راۋابنى چېلىۋەردىم
ئۆزۈم بىلگەن پەدىگە.
ئەمدى قانداق چىدايمەن
بىۋاپانىڭ دەردىگە؟

ئاق تاۋارنىڭ گۈلىمەن،
كۆك تاۋارنىڭ گۈلىمەن.
ماڭا مۇنداق ئالايماڭ،
ئاچىڭىزنىڭ قۇلىمەن.

چەينىكىمگە چاي سالدىم
بىر كاللەك ناۋات بىلەن.
بۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
ئوينىماي ئوماق بىلەن.

ئۆستەڭ بويىدا تېرەك،
خە بولامدۇ – بولمامدۇ؟
باغرى قاتتىق ئاي يۈزلەر،
يار بولامدۇ – بولمامدۇ؟

ئۇ دۆڭدىمۇ چاكاندا،
بۇ دۆڭدىمۇ چاكاندا.
قارنى يامان ھېپىزەك
ئاش ئىچىدۇ كاساڭدا.

ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم،
قايرىلمىدىڭ كەينىڭگە.
مەقسىتىڭ ئايان بولدى،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.

بېغىمدىكى شاپتۇلنىڭ
شېخىنى سەن ئەگدىڭمۇ؟
مەندىن يامانلاپ بېرىپ،
كېپەكچىگە تەگدىڭمۇ؟

چىراغلار ئۆچەي دەپتۇ،
پەرلەپ قويسا يانىدۇ.
چاك – چاك بولغان بۇ يۈرەك،
سۆيۈپ قويسا قانىدۇ.

ئۆگزىدىن ئېگىز چەللە،
كەمچەتتىن ئېگىز سەللە.
قىزنى ئالاي دېسەم،
بەرمىدى قېرى دەللە.

شامال كېزىپ ئوينايدۇ،
يۈزۈمگە يامغۇر چېچىپ.
يارنىڭ كۆڭلى ئاغرىپتۇ،
يۈرىدۇ مەندىن قېچىپ.

قوغلاپ يۈرۈپ يارنى مەن
ئاتلاپ ئۆتتۈم ئېرىقتىن.
كۆڭلۈم بەكمۇ رەنجىدى
يايرىم قىلغان قىلىقتىن.

چۆلدە ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ
سايىسى چۆلگە چۈشەر.
ئالا كۆڭۈل يارىمنىڭ
چالمىسى سۇغا چۈشەر.

ئاق تەلپەك، قىزىل دوپپا،
مەن كىيسەم ياراشماسمۇ؟

كۆز يېقىشىپ يۈرسەك بىز،
خەقلەر ماراپ قاراشماسمۇ؟

قوناقلىقتا، سەيلىكتە
چاغلاپ، پەملەپ ماڭغۇلۇق.
يارنىڭ كۆڭلى ئالا بولسا،
قاراپ يېقىپ يانغۇلۇق.

چالما ئاتسام ئۆگزىگە،
كەپتەرلەر پالاقلايدۇ.
قىزنى سۆيۈپ قويسام،
ئانىسى ۋالاقلايدۇ.

يۇلغۇنلۇقتا قوي باقار
بۆز تەلپەكلىك قويچىلار.
يانچۇقى قۇرۇق تۇرۇپ،
قىز خىللايدۇ پوچىلار.

ئۆز خېنىمنىڭ ئۇزلۇقى،
قۇرۇپ قاپتۇ تۇزلۇقى.
شۇنچە قىلسام ھەي پەلەك،
ئېرىمەپتۇ مۇزلۇقى.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئىگىلمەسەن ئۆز جۇۋان؟
كۆيگىنىمنى ــ دەردىمنى
سەن بىلمەسەن ئۆز جۇۋان؟

خامانني يانجىپ قويدۇق،
سورىغىلى شامال يوق.
ساڭا كۆيگەن كۆڭۈلنى
ياندۇرغىلى ئامال يوق.

غېرىبسىنىپ ئولتۇرسام،
يار كەلمىدى قېشىمغا.
كىمە سېلىپ ئۆتۈڭلار
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.

چولڭ دەرۋازىلىق يامۇلدا
كىمخاب تونلۇق قازى بار.
بىزگە كۆيگەن خېنىمنىڭ
ئەجەب تاتلىق نازى بار.

ئۆچكىلەرنىڭ جەننىتى
دالىدىكى يانتاقلىق.
يامان چاغدا كەل دەيسىز،
بىزلەرگىمۇ جان تاتلىق.

ئېگىز ــ ئېگىز تاغلارنىڭ
باغرى تېرىم ئەمەسمۇ؟
سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
كۆڭلۈم يېرىم ئەمەسمۇ؟

خەستە جېنىم كۆيىدۇ،
مەندە تاقەت قالمىدى.
چېقىمچىنىڭ دەستىدىن
ماڭا ئامەت قالمىدى.

قۇرۇق قاقشال بوپقالدىم،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
ئۆلۈپ كەتسەم، گۈل يارىم
ھازا ئېچىپ قوشاق قاتسۇن.

كېچە ــ كۈندۈز يىغلايمەن،
يارنى مىنۇت ئۇنتۇماي.
قېشىغا باراي دېسەم،
ئىش چىقىدۇ توختىماي.

قوغۇننى پىچىپ قويسام،
يېمەي تۇرۇپ پۇرامسەن؟
مەن ساڭا ئەجەب كۆيدۈم،
كۈلمەي تۇرۇپ ئۇرامسەن؟

بۇلبۇل سايراپ كەتتىمۇ؟
كاككۇك سايراپ كەتتىمۇ؟

مەندىن ئايرىلىپ جېنىم،
بېشىڭ كۆككە يەتتىمۇ؟

يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ
تاۋار ــ دۇردۇن ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن
سۇ سەپمىگەن كوچاڭغا.

بېغىمدىكى ئالمىنى
ئۈزۈپ بېرەي يەپ باققىن.
تىرناقنى كولاپ تۇرۇپ،
راست گېپىڭنى دەپ باققىن.

يارىمنىڭ ئۆيى يىراق،
باراي دېسەم ئۇلاغ يوق.
مەن يېتىمنىڭ دەردىنى
ئاڭلىغىلى قۇلاق يوق.

گەپلىرىڭ ئەجەب تاتلىق،
ئالتۇن بېرىپ ئالايمۇ؟
مېنى شۇنچە كۆيدۈردۈڭ،
گۈلخان بولۇپ يانايمۇ؟

يار دەيسەن، ئېگىلمەيسەن،
قوينۇڭدا تۆمۈر بارمۇ؟
بۈگۈن كېچە كەلمىسەڭ،
ئەتىگە ئۆمۈر بارمۇ؟

كەپتىرىڭگە دان بەرمەي،
ئاچتىن ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟
مەندىن ئۆزگە يارى يوق،
دەردىكە ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟

شوخلاپ ئاققان تاغ سۈيى
تەنگە داۋا ئەمەسمۇ؟
بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈش
بىزگە راۋا ئەمەسمۇ؟

ئاقمىدۇ بىلەكىڭىز؟
كۆكمىدۇ بىلەكىڭىز؟
بىر قاراپمۇ قويمايسىز،
تاشمىدۇ يۈرەكىڭىز؟

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
ئىچىم تولدى ھاۋاغا.
ئەجەبمۇ قىينىدىڭىز
بىرنى سۆيگەن گۇناغا.

ئوسمانىڭنىڭ ئۇرۇقىنى
ئەمگە تېرىپ ئۇندۇرەي.
چاقچىقىڭغا ئۇن قېتىپ،
راسا ئوبدان كۈلدۈرەي.

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى
سوغا سالسا سولاشماس.
بىزگە كۆيگەن قىزچاقلار
باشقا ئەردە بولاشماس.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولسا نېمىشقا
قارا قىلغان قېشىڭنى؟

مانتا سالدىم قاسقانغا،
بىللە يەيلى پىشقاندا.
بىللە ئويناپ كۈلەيلى
ئاشىقلىق ياراشقاندا.

قاشىڭىزغا كۆيدۈمەن،
لېۋىڭىزگە سۆيدۈمەن.
دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىپ،
ئوتىڭىزدا كۆيدۈمەن.

ئاق شايىنى كىيمەڭلا،
گۈلى يوغان، تېگى بوش.
بۇ كەمدىكى باللىنىڭ
گېپى يوغان، بېلى بوش.

گۈل تېرىغان باغلاردا،
كىيىك ئوينايدۇ تاغلاردا.
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قانمايمىز
بىللە يۈرگەن چاغلاردا.

ھارۋىكەش ئۆتۈپ كەتتى
تاغ ـ داۋان يولى بىلەن.
كۆڭلىڭىزنى مەن ئالاي
قۇچاقلاپ سۆيۈش بىلەن.

كۆيۈپ قالدىم مەن سىزگە،
گۈزەل يايرىم بىلمىڭچۇ!
كۆيۈك ئوتى يامانكەن،
بىر ئىلاجى قىلمىڭچۇ!

ئېتىم بار ئېگەر بىلەن،
زەر كۈمۈش يۈگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن كۈلۈپ يۈرگەن بىلەن.

كوپتاڭ شۇنچە چىرايلىق،
چاپىنىڭنى سالغىنا!
يارىڭ مەنمۇ، ئەمەسمۇ،
راست گېپىڭنى قىلغىنا!

يار ئۈستەڭنىڭ سۈيىنى
شاپتۇللۇققا باشلايمىز.
ئالا كۆڭۈل يارلارنى
قەتئىي چۆرۈپ تاشلايمىز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
سەكرەپ كىرىپ سوزەلا.
بىزنى راستلا سۆيسىلە،
ئۆزلىرىنى تۈزەلا.

قۇلاقتىمۇ ئالتۇن بار،
بويۇندىمۇ ئالتۇن بار.
سىز يارىمنىڭ ئىشقىدا
يۈرەكتە ئوت ـ يالقۇن بار.

تاۋار كىيدىم بەسلەشمەي،
دۇردۇن كەيدىم بەسلەيمەن.
تازا كۈلۈپ شوخ كەلسىلە،
ھاراق ئىچىپ پەسلەشمەي.

قونداقتىكى خورازنى،
چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
يىراقتىكى يارىمنى،
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

قىيان كەلدى دەرياغا،
كۆۋرۈك بىلەن ئۆتەلا.
مەن بارىمەن يېقىندا،
راسا ئوبدان كۈتەلا.

شاپتۇل شېخى پەسمىكەن،
ئەگمەك شۇنچە تەسمىكەن؟
يارنىڭ كۆڭلى ئاق تىللا،
بىزنىڭ كۆڭۈل خەسمىكەن؟

باش ئېقىندىن كەلگەن سۇ
ھەر توقايدا توختايدۇ.
كۈلۈپ چىققان شۇ يارىم
ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ.

يول ئۈستىگە ئۆي سالدىم
سامان لايدا سۇۋاتماي.
چوڭ سۆزلەيدۇ بىر قىزچاق،
باشقىلاردىن ئۇياتماي.

يادا باقتىم جاڭگالدا
توپىلارغا مىلىنىپ.

قاپتىكەنمەن ئويلىماي
قارمىقىڭغا ئىلىنىپ.

ئېگىز دۆڭنىڭ كەينىدە
يانتاق بىلەن قومۇش بار.
سىزگە ئاتاپ ساقلىغان
قازان بىلەن چۆمۈچ بار.

ئۆرۈكنىڭمۇ گۈلى بار،
ئانارنىڭمۇ گۈلى بار.
يۈرىكىمگە زەن قويغىن،
كۆيگەن ئوتنىڭ كۆلى بار.

بېغىڭ ئەجەب گۈزەلكەن،
سەيلى قىلسام ئۇنامسەن؟
كۆيدۈم دېدىڭ بۇگۈنغۇ،
تاڭلا كۆرسەڭ تونامسەن؟

يول سوزۇلۇپ ياتاركەن،
دەرەخلىرى قاتاركەن.
چىن ۋاپادار يار بولسا،
نەدە بولساڭ تاپاركەن.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ
يارنىڭ گۈزەل سىيماسى.
مېنى بۇنداق قىينىماڭ،
باردۇر كېيىن قىساسى.

سەگىمىدى بۇ يۈرەك
دوغاپ ئىچسەم ئون كوزا.
دوختۇرلاردا يوق ئىكەن
كۆيگەن يۈرەككە دورا.

يالپۇز ھىدى يېقىملىق،
ئۆرۈلاركەن دىماغقا.
چىدىمايمەن ئايرىلسام،
خۇمار كۆزلۈك ئوماققا.

كەپتەرلەرگە دان بەرسەم،
توخۇلىرىم يەپ كەتتى.
ساڭا يازغان خېتىمنى
يارەنلەر ئېلىپ كەتتى.

قىشمۇ كېتىپ ياز كەلدى،
ئىسسىق ياقتىن غاز كەلدى.
كۆيدۈم - پىشتىم دەپ قويۇپ،
لاتا غىلاپ ماز كەلدى.

تۇمان تارقاپ ئاسماندا،
بولدى ئايدىڭ بەك سۈزۈك.
سېنى ساقلاپ يۈرگەندىن
باشقىنى سۆيگەن تۈزۈك.

سەن بارامسەن - بارمامسەن
بىزنىڭ مەلە ـــ ئاۋاتقا ؟
سەن يارىمنىڭ لېۋىنى
ئوخشاتتىم مەن ناۋاتقا.

ئۆرۈكلەر چېچەك ئاچتى،
ئەمدى بولىدۇ غورا.
ئەگەر مېنى ياقتۇرساڭ،
ئۆمۈرلۈك بولاي جورا.

ئۈستەڭ بويى چىملىقتا
قارا چېكەتكە ئۈنلەيدۇ.

مېنى كۆيدۈرگەن چېچىڭ
پەللىكىڭدە سويلايدۇ.

كېچە - كۈندۈز تەلمۈرۈپ
سەۋدا چۈشتى بېشىمغا.
كېلەرسەنمۇ ئامرىقىم،
بۇگۈن مېنىڭ قېشىمغا.

قەپەسدىكى ئاق قۇشقاچ
مېنىڭ بولدى مەن تۇتقاچ.
يۈرىكىم مەندە تۇرۇپ،
سېنىڭ بولدى سەن ئۇتقاچ.

چىقسا مەيىن شاماللار،
تال چىۋىقلار ئېگىلەر.
مېنى سۆيگەن گۈل يارىم
قايسى ياقتىن بىر كېلەر.

ئاق كەپتەرمۇ يامانكەن،
كۆك كەپتەرنى يولاتماس.
يارنىڭ ئۆتى يامانكەن،
كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتماس.

ھويلامدىكى باراڭدا
تۇمۇچۇقنىڭ ئۇۋىسى.
كۆڭلى قارا، تېگى پەس،
ساختىا ئۇنىڭ توۋىسى.

ئاسماندا تولۇن ئاينىڭ
چولپان ئىكەن زىناقى.
ئاشۇ ئۆز ئوماق يارنىڭ
كۆيدۈرەركەن پىراقى.

(توپلىغۇچى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

# مىللەتنىڭ تەرەققىياتى رىغبەت ۋە يول كۆرسىتىشكە تېخىمۇ موھتاج

ئەنۋەر ھوشۇر

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، زۆرۈرىيەت ئالەمدىكى ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە شارائىتنى گۈزەللەشتۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىش تارىخىدۇر. تارىخقا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا شۇنى بايقايمىزكى، قايسى دەۋردە قايسى مىللىي ئېتنىك گەۋدىنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىنى، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېتنىك گەۋدىدىكى ئورنى، رولى ۋە بۇرچىنى تونۇشى چوڭقۇر، ئۆزلىرىنى ۋە شارائىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئىرادىسى كۈچلۈك، ئەڭ مۇھىمى ئىرادىسى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ روھىنى ئىنقىلاپ، ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن، ئىچكى بىرلىك چىڭىپ، ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان ھە ـ ھۇچىلاردىن، قول سېلىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغان، ھەربىر كىشى مىللىي تەرەققىياتنىڭ ۋىنتىسى ياكى چىشلىق چاقىغا ئايلىنىپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كېلەلىگەن بولسا، شۇ ئېتنىك گەۋدە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق گۈللىنىش مەنزىرىسىنى كۈتۈۋالغان. بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەخس ۋە بىر پۈتۈن ئېتنىك گەۋدىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەم ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك» ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئۈلتېشى بولۇپ قالغان. ئەكسىچە، مىللىي ئېتنىك گەۋدە ئىچىدە ئۈزۈمچىلىك، كۆرەڭلىك، باش ـ باشتاقلىق باش كۆتۈرۈپ، ھەسەت ـ خۇسۇمەت تۈگمىنىدە ئۈگۈت تارتىدىغانلار، ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغانلار، «ئاق يەردە تۈگمەن تالىشىدىغانلار» كۆپىيىپ، قول سېلىپ ئىشلەيدىغانلار ئازايغاندا بولسا، ئۇ ھەرقانچە باشقىلارغا ئىش ئۆگىتىدىغان غالىب مىللەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئاۋام روھى تېزلا بۇلغىنىپ، مىللىي بىرلىك بوشاپ، تەرەققىيات مەغلۇبىيەتكە ئورۇن بوشىتىپ، تونىنى باشقىلار پىچىدىغان، باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان، چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان مەھكۇم مىللەتكە ئايلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇرلار «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نامى ھەم مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ زور دىققەت ـ نەزىرىنى قوزغاپ كەلگەن» (ئەنۋەر

بايتۇر)، «مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى» (پوتاپوف)، شۇنداقلا «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچى تۆۋرۈك مىللەتلەرنىڭ بىرى» (قۇربان ۋەلى) بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا «زامانىنىڭ ھەرخىل داۋالغۇشلىرىنى بېشىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆچىيىپ، تارىختا ئۆتكەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بارلىق ئېجابىي ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ»، (بەزىدە كۆچىيىپ) «ئاسىيا قىتئەسىدە زور رول ئويناپ، دۇنيا تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان» (ئەنۋەر بايتۇر) بولسا، بەزىدە خارابلىشىپ، «مىللىي ئاڭدىن، قارشىلىق تۇيغۇسىدىن، ھۆكۈم قىلىش كۈچىدىن، يىراقنى كۆرەرلىكتىن، مىللىي پايدا - زىياننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىپ»، «باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىنىۋېتىلگەن» (ئەسئەت سۇلايمان)، «غالچا يىگىت»، «غالچا چوكان»لىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغان، ھەتتا تەدرىجىي ئاڭقاۋلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن مىللىي ئېتىنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان. ئەپسۇسلىنىشقا ھەم قەدىرلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، مىللىتىمىز ھەر قېتىملىق بۈيۈك گۈللىنىشىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان ئاسايىشلىق كۈنلىرىدە يايلاق مىللەتلىرىگە خاس بولغان ھېسسىياتچانلىق پىسخىكىسى باش كۆتۈرۈپ، ھە دېگەندە غەلىبىدىن خۇددىنى يوقىتىپ، ئىچكى نىزالار پاتقىقىغا باشچىلاپ كىرىشىپ، تەستە قولغا كەلتۈرگەن بەختىنى ئۆزۈمچىلىك تۈگمىنىگە يەم قىلىۋەتسە؛ ھەر قېتىملىق خارابلىقنىڭ، مەھكۇملۇقنىڭ جانغا ئېكەك سالىدىغان خىيالدەك ئۇزۇن، تاشتەك قاتتىق ئار - نومۇسلۇق كۈنلىرىدە بىردىنلا ئېكىنزار مىللەتلىرىگە خاس بولغان سوغۇق قانلىق، جاھىللىق پىسخىكىسى باش كۆتۈرۈپ، «بالدۇر ئويغانغان» بىرنەچچە يولباشچىنىڭ ئېتىكىگە مەھكەم يېپىشىپ، بۈيۈك ئويلىنىشلارغا ئاكتىپ جور بولۇشۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىدىن ئۆز ئىزلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ. «مەڭگۈ تاشلار»نىڭ ئورنىتىلىشى، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق»، «جەھانناما»، «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»، «خەمسە»، «مەسنەۋى خەراباتىي»، «نەسەبنامە»، «نەسىھەتى ئامما» قاتارلىق «تارىختىن ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش»نى ئاساسىي مەزمۇن ۋە تىندىنسىيە قىلغان بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدە تارىخىي دەۋرلەردە ئارقا - ئارقىدىن ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۆز خەلقىنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەۋجۇد رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتىكى پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، شۇنداقلا بۇنداق ئەنئەنىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى زامانىسىغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، بۈگۈنكى بەختىيار كۈنلەرنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتا ئۇلتاشلىق رولىنى ئوينىغانلىقىدەك يىمىرىلمەس پاكىت بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 -، 90 - يىللىرى مىللىتىمىز تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز يىللار بولدى. بۇ يىللاردا مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن سولچىل لۇشيەننىڭ خاتالىقلىرى تۈزىتىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرلارمۇ دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئېتى ئورۇق» ھالدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ سەپىرىگە ئاتلاندى — جاھان كۆردى، كۆزى ئېچىلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزى بىلەن ئۆزگىنى سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى... بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا بازار ئىگىلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلدى. مەلۇمكى، بازار رەھىمسىز، بۇ قايىنامدا تاللىنىش ياكى شاللىنىش تەدبىرگە باغلىق. رەھىمسىز بازار خىرىسى

يىگىرمە نەچچە يىللىق پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئاسارىتىدە ھەممىدە يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆگىنىپ كەتكەن، ھەتتا ئەر - خوتۇن ئەپ ئۆتەلمىسىمۇ تەشكىلنى ئىزدەشنى ئادەت قىلغان خەلقىمىزنىڭ ئالدىغا يېڭى سوئاللارنى قويدى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر كۆرۈلگەن، بۇنى ئاز دەپ نۇرغۇن بولمىغۇر ئىللەتلەر خۇددى بوغما يىلاندەك خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى مەھكەم چىرمىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بوشانماي تۇرۇپ، ماس قەدەملىك تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئومۇمەن، خەلقىمىز بىر قېتىملىق رەھىمسىز تاللاشنىڭ ئېغىزىغا توغرا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بىر قېتىملىق ئىدىيە ئىنقىلابىنى ياخشى تەشكىللەپ ۋە ئېلىپ بېرىپ، ئارتۇق يۈكلەردىن خالىي بولۇپ، ساغلام، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىش ئىدى. مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ مەزگىلدە مىللىتىمىز ئىچىدىن بىر بۆلۈك مەسئۇلىيەتچان زىيالىيلىرىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، چوڭقۇر ئويلىنىشلار ئارقىلىق «مىللەتنى تۈزەشنىڭ ئاچقۇچى ئىللەتنى تۈزەشتە» دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ، مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى دادىل پاش قىلىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك ماقالىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، بىر قېتىملىق ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. پىلتە قۇرۇق، ھاۋا قۇرغاق ئىدى. شۇڭا، بۇ ئوت يېقىلىشى بىلەن تېزلا ئۇلغىيىپ، سەمەرىلىك مېۋىلىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ھەممەيلەن ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزغىن پىكىر قاتناشتۇرىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. بۇ ماقالىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلىنىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى پاش قىلىش مەزمۇنىدىكى ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ ئۆتمۈشى ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، نەتىجىسى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى يەكۈنلىنىدۇ، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدا ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ مەۋقە ۋە مەزمۇن يۈزلىنىشىنى قىسمەن بۇراش ۋە بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پايدىلىق ئىزدىنىشلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنۇلىدۇ.

## 1

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 11 - سانىدا مىڭچىڭجى بىلەن لو لۇلارنىڭ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئېلان قىلىندى. ئەسەر ئاپتورلىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەسئۇلىياتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن خېلى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئورنى ھەم رولىغا ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىش بىلەن بىرگە نۆۋەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرى، بولۇمسىزلىقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر روھى ھەققىدىكى ئەمەلىي يەكۈنلىرىنى پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھاسىغا سۇنغانىدى. ئۇلار بۇ خاتىرىسىدە ئۇيغۇر روھىنى «قېيىنداش روھى»، ئۇيغۇر پسىخىكىسىنى «يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى» دەپ يەكۈنلىگەنىدى. خاتىرە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. دەرۋەقە بۇ ئەسەرنى قوبۇل قىلالمىغانلارمۇ كۆرۈلدى، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر خاتىرىدىكى پاكىتلىق مەسىلىلەرنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ كۆلەملىك، مۇمكىن بولسا ئۆز

دوختۇرلىرى دىئاگنوز قويۇپ، ئۇنى روھىي ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىدىن بېشارەت بەردى. بۇ خىل ئىچكى ئېھتىياجنى ئەڭ بۇرۇن ئەقلىي بايقاپ، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئېنسىكلوپېدىك ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن پەيلاسوپلارغا خاس ئالدىن كۆرەرلىك، شائىرلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» قاتارلىق چاتما ماقالىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى، جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى روھىي ھالىتى، پسىخىكىسى، ئارتۇقچىلىقى، ئاساسلىقى مەنىۋى ئىللەتلىرى ھەققىدە چوڭ كۆلەملىك روھىي ئوپېراتسىيىنى باشلىۋەتتى. پېشقەدەم تارىخچى نىزامىدىن ھۈسەيىن بۇ خىل يۈزلىنىشكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا»، «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۆچېركلىرى»، «تارىختىكى بەزىبىر مىجەز - نۇقسانلىرىمىز» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئۆچېرك، تارىخىي ئوبزور ۋە ماقالىلىرىنى ئارقا - ئاقىدىن جامائەتچىلىككە سۇنۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. نىزامىدىن ھۈسەيىننىڭ بۇ ئۆچېرك ۋە ئوبزورلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى، ئۇسلۇبى يەڭگىل بولۇپ، ئۇلار كۈچلۈك تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى چىرمىۋالغان تۈرلۈك ئىللەتلەرنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى پاكىتلىق كۆرسىتىپ، «بۇ ئىللەتلەر بىزگە نەدىن يۇققان ؟» دېگەن سوئالغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەردى.

يول ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ، كۆپ توكۇرسە كۆل بولىدۇ. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، نىزامىدىن ھۈسەيىن قاتارلىق يولباشچى زىيالىيلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن جامائەتكە سۇنغان ئۆتكۈر پىكىرلىك مۇلاھىزىلىرى مىللەتنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك زىيالىيلارنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاپ، ئۇلارنى مۇشۇ ساھەگە باشلاپ كىرىپ، ئىزدەنگۈچىلەر قوشۇنىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايتتى: ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي، ئابدۇكېرىم راخمان، ئەسئەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي، ئابدۇرېھىم دۆلەت، جۈرئەت دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر، ئىبراھىم ئەمەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، ئابدۇرېھىم ئابلەت، ئابدۇراخمان ئەزىز، ئابدۇلباسىت ئابدۇراخمان، سۇلايمان قەييۇم، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، دىلئارا قۇربان، ئابلەت ئابدۇللا، ئابلەت مۇھەممەت، ئەسقەر داۋۇت، غالىپ مۇھەممەد قارلۇق، ئەنۋەر مەتسەيدى، قاۋۇل ساۋۇر، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران، ئابلەت قېيۇم، نۇسرەت تۇردى، ئۆمەرجان ھەسەن، يۇسۇپجان ساۋۇت شورلۇق، ئاسىيە ئىمىن، ئەخەت كەلپىن ئىنسانىي، ماخمۇتجان يانتاق، پاتىگۈل قاسىم تۆرىبەگ، تۇرسۇن قاسىم، يۇسۇپجان سەمەت، مۇكەررەم مۇسا قاتارلىقلار بۇ قوشۇننىڭ غوللۇق ئەزالىرى ئىدى. بۇ زور قوشۇن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا يېقىندىن نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ھەرخىل ناچار ئىللەتلەر، يامان تەبىئەتلىك يۈزلىنىشلەر، جۈملىدىن يۇرتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، ئۆزئارا سىغىشماسلىق، چېقىمچىلىق، كۆيۈمسىزلىك، قىتىغۇرلۇق، ئىسراپچىلىق، ھاراقكەشلىك، چېكىملىككە بېرىلىش، ئەيدىز، خۇراپاتلىق، بىلىمسىزلىك ۋە بىلىمگە ئىنتىلمەسلىك، خوتۇنپەرەسلىك، ۋاپاسىزلىق، مۇھەببەتتىكى يەڭگىلتەكلىك، ئەرلەردىكى غۇرۇرسىزلىق، ئوغۇللاردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، نان قېپىلىق،

تەييارتاپلىق، قىزلاردىكى يەڭگىلتەكلىك، مائارىپتىكى كونسېرۋاتىپلىق، باشقۇرۇشتىكى قاتماللىق، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىق، قىسمەن ئەمەلدارلاردىكى چىرىكلىك، پارىخورلۇق، ياشلاردىكى غايىسىزلىك، ئىرادىسىزلىك، خىيالپەرەسلىك، چوڭلاردىكى چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ماھىيەتتىن چەتلەش قاتارلىقلارنى تارىخىي ۋە رېئاللىق نۇقتىدىن پەردازسىز كۆرسىتىپ ۋە شەپقەتسىز تەنقىدلەپ، «ئەينەكلىك»، «سوپۇنلۇق» رول ئوينىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ «ئەينەك»تىن ئۆز ئەكسىنى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان بىچارە روھىي دۇنياسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ھەمدە مەنىۋىيىتىنى تازلاپ، يوقىتىپ قويغان ئۆزلۈكىنى ئىزدەشنىڭ جاپالىق سەپىرىگە ئاتلىنىپ، روھىي پاكلىققا ئېرىشتى.

ئومۇمەن، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، ساغلام روھ بىلەن قوراللانغان ئىدىيە بىرلىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بۇ قېتىملىق ئىدىيە ئىنقىلابى ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ساغلام راۋاجلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. ئۇ بىر قاتار ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ!

بۇ قېتىملىق ئىدىيە يېڭىلاش ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىكى ئورنى، رولى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، بۇ بىر قېتىملىق ئەھمىيەتلىك ھەرىكەتنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ چىقارغان قەلەم ساھىبلىرىغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنى قوللىغان، يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن، نىشاندىن قېيىپ كەتكەندە توغرا يولغا يېتەكلىگەن پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىغا، ئاخبارات ـ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا، بولۇپمۇ مۇشۇ خىل مەقسەتتىكى ئىزدىنىشلەرگە باغرىدىن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرناللىرىغا ۋە ئۇلاردىكى مىننەتسىز تەھرىرلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش زۆرۈر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قوللىشى، يېتەكلىشى بولمىغان بولسا، يىگىرمە يىلغا سوزۇلغان بۇ ئەھمىيەتلىك ھەرىكەتنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى، ئەڭ مۇھىمى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

2

بىر ئىشنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقارماسلىق، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قالدۇرماسلىق — بىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، ساغلام روھ بىلەن قوراللانغان ئىدىيە بىرلىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بۇ بىر قېتىملىق ئىدىيە ئىنقىلابىنىڭ سىجىل ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئاز كەم يىگىرمە يىل بولدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەقلىي ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىندى، قىممەتلىك ئىدىيە ۋە پىكىر ئېقىملار ۋۇجۇدقا كەلدى، مۇھىمى زىيالىيلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى يېڭىلىنىپ، ئۆزگىچە پىكىر قىلىدىغان بىر بۆلۈك ئەقلىدارلار بارلىققا كەلدى... نۆۋەتتە ئوقۇرمەنلەر شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدىكى، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ، مەلۇم بىر پەننىي تېما ئۈستىدە نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، بۇ ھەرىكەتتىن باسقۇچلۇق خۇلاسە چىقىرىپ،

يېڭى زوۋرۇيېتلەر، يېڭى يۈزلىنىشلەر ھەققىدە پىكىر قىلىدىغان پەيت ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلدى. مېنىڭچە، بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن:

1. مەقسەت ـ نىشانى ئېنىق، مۇقامى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، قاراتمىلىقى، دەلىللىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ ھەرىكەت باشلىنىشىدىلا خەلقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، ساغلام روھ بىلەن قوراللانغان تىل ۋە دىل بىرلىكىگە ئېرىشىشنى مەقسەت ـ نىشان قىلغان بولۇپ، باشلامچىلىرىدىن تارتىپ ئەگەشكۈچىلىرىگىچە بولغان كۆپ سانلىق قەلەم ساھابلىرى نىيىتى دۇرۇس ۋە خالىس، بىلىمى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق، ئۆز كەسپى دائىرىسىدە مۇئەييەن نوپۇزى ۋە ئىناۋىتى بار كىشىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ساغلام، مۇقامى كۆتۈرەڭگۈ بولدى. بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرى مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ھەمدە ئۇلاردا بۇ ھەقتە قاراتمىلىقا، مەقسەتچانلىققا ئىگە پايدىلىق پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، ئۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، قوللىشىغا ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

2. تېما دائىرىسى كەڭ، ئۇسلۇبى يەڭگىل بولۇپ، ئاۋامنىڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەرقانداق بىر ساھە، قاتلام ۋە ئۇلاردىكى كىشىلەر قەلەم ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئومۇمەن، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان ھەرقانداق بىر ئىللەت رەھىمسىزلىك بىلەن نەپرەت قاچىسى ئاستىغا ئېلىندى، زىيىنى كۆرسىتىپ بېرىلدى. يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە ھەربىر قەلەم ئىگىسى تاللىغان تېمىسىنى خەلققە ئەسلىي مۇددىئا بويىچە كۆڭۈلدىكىدەك يورۇتۇپ بېرىش ۋە يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇل ـ تەدبىرلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئۆز ماقالە ـ ئەسەرلىرىنىڭ ئاممىباب، تارتىملىق، ئەستە قالدۇرۇش ئاسان، ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە ئەپلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى، شۇنداقلا مۇلاھىزىگە يېتەكلەش مەقسىتىنى گەۋدىلەندۈردى. مەلۇم بىر تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھېكايىدىن ھېكايە توغدۇرۇپ، تۇرمۇش پاكىتلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىش، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇش شەكلىدىكى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى كۆپرەك قوللىنىلدى ۋە بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

3. قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپ، ساپاسى يۇقىرى بولدى، نۇرغۇن ياشلار مۇشۇ ساھەدىكى سەمەرىلىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە تونۇلدى ۋە كېيىنكى يۈكسىلىشلىرىگە يول ئاچتى...

ئۇ يەنە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەم كونا، ھەم يېڭى ئىش بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار يېتەرسىزلىكلەرنى سادىر قىلىپ، كۆڭۈللەرنى غەش قىلدى: ئاساسلىقى، بەزى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ماقالىلىرىدە ھېسسىيات ئەقىلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، مەۋجۇت ئىللەتلەر ھە دېگەندە ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈلۈپ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئىللەتلەرمۇ خاس ئىللەتلەر قاتارىدا خەلقىمىزگە مەجبۇرىي تېڭىلىپ، ھەممە قارىقويۇق ئىنكار قىلىندى، مىللەتنىڭ ھەممە نېمىسى بولمايدىغانغا چىقىرىۋېتىلدى. يەنە بىرى، ئايرىملىق ئومۇمىيلىق ئورنىغا دەسسىتىلىپ، پۈتكۈل مىللەت چىش ـ تىرنىقى، نەسلى ـ ۋەسلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان يىرتقۇچ چايانغا، پايانى يوق

قاراڭغۇ جاڭگالغا، ھەرقانچە رېمونت قىلسىمۇ قىر ئاشالمايدىغان، جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئەبجەق ھارۋىغا ئوخشىتىلىپ خۇنۇكلەشتۈرۈلدى، ئوچۇق - ئاشكارا كەمسىتىلدى. بۇنداق ماقالىلەردە سۈنئىي ئۇسۇلدا زورلاپ ياساپ چىقىلغان ئەبگاھ ئوبرازىمىز بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، «ھەرقانچە قىلساقمۇ بولۇشىمىز مۇشۇ ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى، شۇنداقلا كىشىلەردە ئەتراپىدىكى ھەرقانداق مۇھىتتىن گۇمانلىنىدىغان، ھەممىگە خەۋپسىرەش تۇيغۇسىدا قارايدىغان پسىخىكىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. مەسىلەن، ئەر - ئاياللىرىمىزنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى (ئەخلاقىي) ساپاسى مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان ماقالىلەردە ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئەرلىرىمىز ئىنسانىيەتنىڭ «قەھرىمانلىق دەۋرى»دىكى، قىز - ئاياللىرىمىز فېئوداللىق ئەخلاق ۋە نىكاھ تۈزۈمى مەزگىلىدىكى ئۆلچەملەر بويىچە باھالىنىپ، ھە دېگەندە «ئەركەكلەر قېنى ؟»، «ئەرلىرىمىزگە نېمە بولدى ؟»، «قىزلار قېنى ؟» ... دېگەندەك سوئاللار قويۇلۇۋېرىپ، ھەممە ئۇيغۇر ئەرلىرى زەيپانىلىشىپ (غىتمەكلىشىپ) كەتكەندەك، ھەممە ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى يولدىن چىقىپ كەتكەندەك تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىگە، شۇنداقلا بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويدى. بەزى ماقالىلەردە ئالىي مەكتەپلەردىكى قىسمەن ئوقۇغۇچىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىگە زىت قىلمىشلار ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈلۈپ، ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى غىتمەك، قىزلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇق قىلىپ كۆرسىتىلدى، ھەتتا بۇ مەكتەپلەر پاھىشىخانىدىن بەتتەر ئورۇن قىلىپ سەتلەشتۈرۈلدى. ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ ماقالىلەردە دېيىلگەندەكمۇ ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس ! ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ (مۇشۇنداق ماقالىلەرنى يازغان ئەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا قالقان ياكى ئوقيا كۆتۈرۈپ يۈرمىگىنى بىلەن، يەنىلا ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلالىغۇدەك كۈچلۈك ئەرلىك جاسارىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ، بىر پۇلنىڭ تۆشۈكىدە مىڭ ئادەم قوتراۋاتقان مۇشۇ زاماندىمۇ بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن راۋرۇس تۈتۈن چىقىرىپ، ئايالى ۋە بالىلىرىنى بويۇن قىستۇرماي، بىرنەرسىگە موھتاج قىلماي كۆكلىتىۋاتىدۇ. ئاياللىرىمىزمۇ شۇنداق: ئۇلارمۇ دەۋر بەخش ئەتكەن ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى ۋە شارائىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتىدۇ؛ تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبال ئۈچۈن يۇرتتىن، ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئۈچ ۋاخلىقىغا تەييار چۆپ بىلەن گۈرۈچ تاپىقى يەپ، ئىچكىرىدە، چەت ئەللەردە بىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ؛ ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى دەپ ئۈچ - تۆت يۈز يۈەن ئۈچۈن تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، كوچا سۈپۈرۈۋاتىدۇ؛ مېيىپ ئېرىنى مۇھەببەت بىلەن ھاپاشلاپ، توخۇ كاتىكىدەك تار، ھەممە يېرىدىن نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاددىي ئۆيلىرىدە «پەرھاد ۋە شېرىن»دىنمۇ تەسىرلىك سۆيگۈ داستانلىرىنى پۈتۈۋاتىدۇ... ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كەلسەك، كۆپ ساندىكىلىرى يەنىلا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىۋاتىدۇ، ھەتتا ئاسپىرانت، دوكتورلۇقتا ئوقۇشنىڭ جانغا ئېكەك سالىدىغان بېھىساب جاپاسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمدى ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىگە زىت قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىۋاتقانلارغا كەلسەك، ئۇلار تۈپ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا ئاز سانلىق بولۇپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ يولدا ئەجىر قىلىۋاتقان كۆپ سانلىق ئاپتورلارنىڭ

نىيەتى دۇرۇس بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا يولدا قوشۇۋالغان بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس كىشىلەرنىڭ «مىللەتنى تىللاپ داڭق چىقىرىش» مەقسىتىدىكى ئەبجەق ماقالىلىرى ھە دېگەندە ئەقىدە شامىلىدا سورۇلۇپ، مېھنەت ئەلگىكىدە ئۆگۈتلەنگەن ساپ ئۈنچىلەر ئارىسىغا سىغدىلىۋېلىپ، بۇ ئۇلۇغ قورۇلۇشنىڭ ھۆسنىگە يۇندا چاچتى، ھەتتا پايتىمىسى سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەڭ بىتەرەت كىشىلەرمۇ ئۇلۇغ نەسىھەتچىلەرگە ئايلىنىۋېلىپ، مۇشۇ يولدا ساپ نىيەتى بىلەن ئەجىر سىڭدۇرۇۋاتقان قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئەجرىنى كۆيدۇرۇپ، زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ، ئىناۋىتىگە دەخلى يەتكۈزدى.

بۇ يولدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى شۇ بولدىكى، ھەممىسىدە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىر ـ بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىلدى، لېكىن كىشىلىرىمىز ۋۇجۇدىدىكى بولمىغۇر ئىللەتلەرنى تۈزەشنىڭ، ناچار ئىجتىمائىي خاھىشنى توغرا يولغا بۇراشنىڭ يولى كۆرسىتىلمىدى، زاماننىڭ تەتۈر قويۇنلىرىدا ئېزىپ كەتكەنلەرگە پايدىلىق مەسلىھەت، بېشى چۈشۈپ كەتكەنلەرگە مەدەت ـ ئىلھام بېرىلمىدى. تاپا ـ تەنە، دوق ـ لەنەتلەر، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ بولۇشىغا قاقشاش ـ قارغاشلار بىرقەدەر كۆپ، مۇھەببەتلىك چاقىرىشلار، رىغبەتلەر كەمچىل بولدى...

3

شۇ نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئىللەتنى كۆرسىتىش مەقسەت ئەمەس، بەلكى جەريان، ۋاستە! بىز ئازراق كەم يىگىرمە يىل جەريانىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق ھالدا «ئىللەتنى كۆرسىتىش»تىن ئىبارەت بىرلا مەزمۇندا پىكىر قىلدۇق، تالاي ماقالە ـ كىتاب نەشر قىلدۇق، سۆھبەتلەرنى قۇردۇق. ۋاقىت يىل، كۈن بىلەن ئەمەس، بەلكى مىنۇت، سېكۇنت بىلەن ھېسابلىنىۋاتقان، تەرەققىيات سۈرئىتى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىدە تېز بولۇۋاتقان مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە ئالتۇندەك يىگىرمە يىلنى ئاددىي بىر جەريان ئۈچۈن سەرپ قىلىۋەتتۇق ۋە بۇمۇ يەتمىگەندەك يەنە ۋاقتىمىزنى شۇ ئىش ئۈچۈن داۋاملىق سەرپ قىلىش كويىدا بولۇۋاتىمىز.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى تېزلىشىپ، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق، شۇنداقلا دەۋر تەلىپى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، دەۋر رىتىمىغا يېتىشەلمىگەن كۆپ سانلىق كىشىلەردە قېيداش، بىغەملىك ۋە تار مەنپەئەتچىلىك پسىخىكىسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، رىزقىنى ئىجاد ـ مېھنەتتىن ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىدىن، يانچۇقىدىن ئىزدەيدىغانلار كۆپىيىپ، ئەقلىي ئىنتىلىشلىرى بىلەن دۇنياۋى يۈزلىنىشلەرگە جور بولالايدىغانلار دېگەندەك گەۋدىلىنىپ بولالمايۋاتقان ئالاھىدە بىر دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بىر مەسىلىگە جاۋاب تېپىپ بولغۇچە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭغا ماس ھالدا يەنە مەسىلىلەرنى بايقىغانلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. لېكىن، شۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدىكى ئاڭلىق ئىزدىنىشلەر، رىغبەت ۋە يول كۆرسىتىشلەر تولىمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ! مېنىڭچە، ئىللەتنى ئېچىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز ھەرھالدا يېتەرلىك بولدى؛ ئۇلارنى توپ مەقسەتكە قاراپ بۇرايدىغان، مەۋقەنى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىلا قارىتىۋالماي، مەسىلىنى ھەل قىلىش، ئىزىغا سېلىش قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ نۇقتىلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئىزدىنىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى!

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىز ئالتۇندەك يىگىرمە يىلنى «ئىللەتنى ئېچىش»تىن ئىبارەت بىرلا

باسقۇچقا قارىتىپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا سەل قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مىللەتنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، «تاپا ـ تەنە ۋە قاقشاشلاردا ھەل بولمىغان» ئەمەلىي مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ ئاساسى ۋە مۇھىم نۇقتىسى بولالايدۇ. بۇ بىر قاتار مەسىلىلەردىن مۇھىملىراقلىرى: دۆلەتنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن قوراللانغان ئىشەنچلىك ئىزباسارلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىلىرى؛ «قوش تىل» ئوقۇتۇشى شارائىتىدىكى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۆزۈن مۇددەت جانغا ئەسقاتىدىغان ئۈنۈملۈك ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىپ، زامانغا لايىق، ئۇيغۇرغا تالىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى رىقابەتلىك دۇنيادا مۇستەھكەم پۇت تىرەش نۇقتىسىغا ئېرىشتۈرۈش مەسىلىلىرى؛ كارخانىچىلاردىكى بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى ئىزلاش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش خاھىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئىچكى ھەمكارلىق ئېڭىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى چەكلىك مەبلەغنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا يېتەكلەش ۋە ياساش كەسىپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا جەلپ قىلىش مەسىلىلىرى؛ ئەخلاقىي بىلىش (چۈشەنچە) نى ئەخلاقىي ئىرادە، ئەڭ مۇھىمى ئەخلاقىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەخلاقنىڭ كىشىلەر قەلبىنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ناتوغرا قىلمىشلارنى چەكلەشتىكى رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش مەسىلىلىرى؛ قىز ـ ئوغۇللارنى جىنس ئالاھىدىلىكى بويىچە غۇرۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان، ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، كەلگۈسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان، ئىنسانىي خىسلەتكە باي قىلىپ تەربىيىلەش مەسىلىلىرى؛ كىتاب مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زىيالىيدىن تارتىپ دېھقانغىچە ھەممە ئادەم كىتاب ئوقۇيدىغان، بىلىمنى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەقىل بىلەن ياشاشنى ئىستەيدىغان كەيپىيات يارىتىش مەسىلىلىرى؛ يۇقرالارنىڭ پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك بىلەن خوشلىشىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ ئانچە ـ مۇنچە باش قاتۇرىدىغان ئومۇملۇق يولىغا يېتەكلەش مەسىلىلىرى؛ ھەممىدە جەمئىيەتتىن ۋە باشقىلاردىن ئاغرىنىش، قۇرۇق گەپ سېتىش ئادىتى بىلەن خوشلىشىپ، ھەربىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بىر چىشلىق چاقى ياكى ۋىنتىسى بولۇشنى ئىستەيدىغان، ئەڭ مۇھىمى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىش مەسىلىلىرى؛ ياشلاردا توغرا بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىلىرى؛ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، ئەسلىي مەنىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى؛ مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى قېزىپ ۋە نۇرلاندۇرۇپ، رېئاللىقنىي كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىلىرى؛ ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەيدىز، خروئىن قاتارلىقلارنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش مەسىلىلىرى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر زىيالىيلىرىمىز مۇشۇ ساھەلەردىمۇ «ئىللەتنى ئېچىش» باسقۇچىدىكىدەك زور غەيرەت ۋە ئىستېدات بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىدىغانلا بولسا، ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ ھەمدە ئالدىنقى باسقۇچلۇق ئىزدىنىشلىرىنىمۇ ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلالايدۇ !

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)


Beijing 2008
中国移动通信
CHINA MOBILE
北京2008年奥运会合作伙伴
Partner of the Beijing 2008 Olympic Games
ئايلىق ئىجارىسى ۋە تېلېفون قوبۇل قىلىش ھەقسىز
سەييارە تېلېفونلىشىشمۇ ئەرزان
ئۇ ب رت [2005] 40 - نومۇر
ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ.
مەشرەپ كارتىسىنى ئىشلەتكەندە، شەھەر تېلېفونى ۋە ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ.
ھازىر جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىنى ئىشلەتكەندە، ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل
قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ. شىنجاڭ ئىچىدە سەييارە تېلېفونلىشىشتىن چاقىرغاندا مىنۇتىغا 0.6 يۈەن؛
چاقىرىلغاندا مىنۇتىغا 0.4 يۈەن ئېلىنىدۇ؛ شەھەر تېلېفونى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىدە
ئېتىبار بېرىلگەن!
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
ئابونېنتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 10086 www.xj.chinamobile.com
جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى






# 源　泉（布拉克）

（维 吾 尔 文）　　总119期

# بــــۇلاق

(قــوش ئــايــلــىــق ژۇرنــال) ئــومــۇمــىــي 119 - ســان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN　1005-0876
国外发行号:Q1118　　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　　定价:6.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　　باھاسى: 6.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043